
ئەمەت يولداش

# چۆكەن قىرغاقلار

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



ئەمەت يولداش 1972 - يىلى 14 - سېنتەبىردە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇغاندىن باشقا، 1987 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1990 - يىلىدىن 1992 - يىلىغىچە شىنجاڭ قاتناش مەكتىپىدە، 1992 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە شىئەن تاشيول قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. 1996 - يىلىدىن 2000 - يىلىغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىپ، تەرجىمان، ئىتتىپاق شۇجىسى بولغان. 2000 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا كاتىپ، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەمەت يولداش تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلغان، 1987 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئۇنىڭ «ياشلىقىڭنى كۆردۈم گۈللەردىن» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان، ھازىرغىچە «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان» ، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» قاتارلىقلاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. «باربىي مەلىكە»، «ماۋ ئەنيىڭ» قاتارلىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن.

رېئال تۇرمۇش، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، يۇقىرى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىسى بىلەن يېزىلغان «چۆككەن قىرغاقلار» ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمىدۇر.

ئەمەت يولداش

# چۆككەن قىزغاقلار

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

沉没的海岸：维吾尔文/艾麦提·尧力达什 著.
— 乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2013.5
ISBN 978-7-5466-1208-9

Ⅰ.①沉 … Ⅱ.①艾… Ⅲ.①诗集 — 中国 —当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 113593 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ھۆرىگۈل يۈسۈپ
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۈمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: نۇرىمان قادىر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: مەرھابا ئازات

**چۆككەن قىرغاقلار** (شېئىرلار)

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 5.75
2013 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1208 - 9
باھاسى: 20.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئۆچمەس ئوتلار ...................... 1
سەن تۆرەلدىڭ زىناقلىرىمدىن ...................... 3
سۆيگۈ تىنىقلىرى ...................... 5
ۋىدالار يالدامىسى ...................... 7
تۆت تامچە ياش ...................... 9
جىلۋىلەر رىشتى ...................... 11
ھىجران ناخشىسى ...................... 14
نىگاھلار پەرۋازى ...................... 17
ۋاراقسىز ئالبوم ...................... 20
كۆيۈك ئاھاڭلار ...................... 24
كۆڭۈل تەبەسسۇمى ...................... 32
كۈتۈشلەر يادنامىسى ...................... 41
ئىزسىز يوللار ...................... 47
شەپەق ۋە شەبنەم ...................... 57
ئاشىقلىق پەلسەپىسى ...................... 66
تەسەللى ۋە تەجەللى ...................... 69
سۇدىكى قاغجىراش ...................... 76
ئاۋازسىز سۆزلەش ...................... 85
تەكلىماكان تىلى ...................... 87
دوستلۇق قەسىدىسى ...................... 105
ئۆستەڭدىكى بوتۇلكا ...................... 108

مەجنۇنتال ........................ 109
ئۇلۇغ تەرتىپ ........................ 110
مۇھەببەت ئۇچۇن ........................ 111
باياۋان يولىدا ........................ 112
لەگلەكچى بالىنىڭ خىيالى ........................ 113
مۇھەببەت قانۇنى ........................ 114
ئوپالدىكى قاپاق تېرەك ........................ 115
تارىخنىڭ ئەينىكى ........................ 116
سەممىيەت پەسلى ........................ 117
تارىخنىڭ ئارقا بېتى ........................ 118
تۇننى ئۆتكۈزۈش ........................ 119
قومۇشئېرىق ........................ 120
چۇشەۋاتقان تاش ........................ 122
ھاياتلىق دېڭىزىگە نەزەر ........................ 124
پىيەنچۇكنىڭ ھەسرىتى ........................ 125
چۆچەك ........................ 126
تاشلىنىپ قېلىش ........................ 127
سۆيگەن نىگارغا ........................ 128
قەشقەر كوچىسى ........................ 129
ياشلىقىمنى تالاشما يىللار ........................ 130
پاكلىق ........................ 131
كۆزلىرىڭدىن نۇرلىنار دۇنيا ........................ 132
كارۋان ........................ 133
يامغۇرلۇق كېچە ........................ 134
يات بىر جايدا يەنە شۇ موماي ........................ 135
كۈنلەش ........................ 136
شامال بولۇپ ئىزدەيمەن سېنى ........................ 137

دادامغا........................ 138
ئۈزىتىش تىلى.................. 139
ماكانسىز قۇش.................. 140
توي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق........ 141
سەھرادىكى كەپىلەر................ 142
ئۇلۇغلانسۇن ئانىلار نامى............. 143
ئۈمىد.......................... 144
كۆتۈش........................ 145
كۈلۈش......................... 146
خالىمىسا كۆڭۈل دېگەننىڭ............ 147
كەپىدىكى ئانا.................... 148
سەن بىر ئىلاھ، مەن بىر قوڭغۇراق........ 149
كۈيلىرىڭگە قېتىشۋال مېنى............. 150
ئايالىمغا....................... 151
ئىز دەڭلار...................... 152
مەھەللەم....................... 153
ئايال.......................... 154
بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان.......... 155
سۆيمىسەڭمۇ سۆيىمەن سېنى............ 156
ئەگەر سۆيۈش گۇناھ سانالسا........... 157
بىر كۆزگە...................... 158
گاچا.......................... 159
ياخشىلارنىڭ قۇدرىتى................ 160
روھىمىزنى بوغمىسۇن ئىللەت........... 161
ھەسەتلەرنىڭ بولمايلى قۇلى............ 162
كۆز كېچىسى..................... 163
يېڭى بېكەت..................... 164

چۈشلىرىمگە ھەسەت........................165
يوقىتىش سىرى.......................166
رەيھان ۋە يانتاق.......................168
ئوۋچىلىق چېكى.......................169
قاغا چوقۇۋېلىش.......................170
قاراقچى كۆلەڭگىسى.......................171
مۇتلەق ئېھتىياج.......................172
ماختىماسلىقىمنىڭ سىرى.......................173
قەشقەر.......................174
12 ـ ماي.......................175
مەشرەپ.......................176

# ئۆچمەس ئوتلار

1

گۈلدەك چېھرىڭ، تىنىقلىرىڭ ئوت،
قاراشلىرىڭ تىترىتەر مېنى.
بۇلۇتلارنىڭ قاتلاملىرىدا،
خىياللىرىم كۈيلەيدۇ سېنى.
تۇغلۇكىڭنىڭ بېشىدىن بۇندا،
كېتەلمەيدۇ چۈشلىرىم ئەگىپ.
قويۇپ مېنى داغدا، ئارماندا،
خورەكلەردە ياتامسەن سەگىپ؟

2

چۈشلىرىمنى بۇزغاندا ناخشاڭ،
تىنىقلىرىم بوپ كەتتى پارە.
خىيالىمنى ئەپقاچتى يۇلۇپ،
ئاھ، كۆلەڭگەڭ قىلىپ ئاۋارە.
شىپىرلاشلار ئاستا ۋە ئوتلۇق،
يېرىپ ئۆتەر قۇلاقلىرىمدىن.
شۇنچە گۈزەل، شۇنچىلىك لىۋەن،
سەن تۆرەلدىڭ زىناقلىرىمدىن.

3

تۆكۈلدى شۇ ئالتۇن ياپراقلار،
شاخلىرىدىن دانە ۋە دانە.
شامالللارنىڭ قوغلاپ كەينىدىن،
تىنىقلىرىم بولدى ئاۋارە.
يېتىمسىراپ قالدى يىراقتا،
مېھمانلارغا ئامراق شۇ كەپەك.
تۆت بولماقتا كۆزلىرىم شۇ تاپ،
قاياقلاردىن كېلەركىن شەپەك.

4

كۆزلىرىڭدىن چاچرىغاندا ئوت،
چاناقلىرىم كەتتى پۇرۇلۇپ.
مەڭگۈ ئۆلمەس بولۇپ بىر قوشاق،
ئىزلىرىمدىن چىقتى توقۇلۇپ.
يۇلتۇزلارنىڭ جۇلالىشىدىن،
تېرىۋالدىم تىلەكلىرىمنى.
يوللىرىڭغا يېقىپ نۇر چىراغ،
يېقىۋالغىن يۈرەكلىرىمنى.

1990 ـ يىلى

# سەن تۆرەلدىڭ زىناقلىرىمدىن

1

باھار ئېلىپ كەلگەن ھىد ـ پۇراق،
دېرىزەڭگە قاپتۇ ئىلىنىپ.
كۆي تۆكمىدۇ ئويناق بۇلاقلار،
سېنى ئىزدەر، يەرگە يېلىنىپ.
دەريالارمۇ ئىزدەر ۋەسلىڭنى،
شاماللاردىن سورايدۇ خەۋەر.
گۈل تۆكمىدۇ ئانا تەبىئەت،
تۆكەر يەنە سەن ئۈچۈن كەۋسەر.
سېنى ئىزدەر تىنچسىز ھەر چاغ،
تەبەسسۇمۇڭ يوقالغان قايان؟
ئاشۇ ئوتلۇق مۇھەببىتىڭنى،
قايسى ئاشىق قىلاركىن بايان؟!

2

نۇرلىنايلى بولۇپ ئوت، چاقماق،
نۇرغا تولسۇن كېچىمۇ تولۇق.
يامغۇرلارغا بەرمەيلى ئازار،
يامغۇر ئامەت، خىسلىتى ئۇلۇغ.
قەلبىمىزدە ئۇلغايسۇن ئوتلار،
بورانلاردا قالمىسۇن ئۆچۈپ.

يادلىنايلى بولۇپ كۈي ـ ناخشا،
ئىغىزلاردىن ـ ئىغىزغا كۆچۈپ.
ئىشتىياقلار ئۆچمىسۇن ئەسلا،
سۆيگۈمىزگە تاڭ قالسۇن جاھان،
بىز ئاشۇنداق ئۆتەيلى دىلبەر.
قالمىغۇچە ئوت ـ قولدا دەرمان.

3

كۆزلىرىمنى ئاچتىم يالقۇنلۇق،
گىرە سالدىم سەھەر بوينىغا.
تومۇرۇمدا قانلا دولقۇنلۇق،
سىڭىپ كەتتىم نۇرلار قوينىغا.
سىرلىرىنى بەرمىدى شامال،
دەرد تۆكمىدۇ بىچارە تورغاي.
سۆيۈش ئۈچۈن قوينۇڭنى ئاچساڭ،
قانداقسىگە مەن بويۇن تولغاي.

1990 ـ يىلى

# سۆيگۈ تىننقلىرى

1

ئايسىز كېچە، قاقشال يوپۇرماق،
ئېرىقلاردا شىلدىرلايدۇ سۇ.
ئاھاڭلارغا مىنگىشىپ چاڭقاق،
تۈندە ئەگىپ يۈرەر بىر ئاققۇ.
دېرىزىلەر تاقالغان تامام،
قىز ئۈيقۇسى چاچرار ناگىهان.
تونۇش بەلگە ئاۋارە بوندا،
شەپىسىنى قىلالماي ئايان.

2

سارغۇچ چىملىق، تەنها سۇۋادان،
بوران ھالسىز كېلەر تاتىرىپ.
قۇتىلارنى ئىزدەر پۇراقلار،
ئۆلەر خىيال بەخت تارتىپ.
توخۇلارنى چاقىرار بوۋاي،
زاۋال ياساپ قويار بىر قوشاق.
ئاھ ئورماندا يېگانە كەپە،
چۆرىسىدە چەكسىز دەرد ساياق.

3

يولسىز جىرا، روجەكسىز ئىشىك ـ
ئېچىلمايدۇ كۈتسەكمۇ نېچۈن؟

شۇ يۇلتۇزلار نۇر تۆكەر پات - پات،
يىراق جايدا كېكەچلەر بىر ئۇن.
چۇش يۇقلىرى قۇرۇماس هايات!
قەدەملەرنى پايلار هەر ئىما.
تەسۋىرنى تاپالماي قىشلاق،
بولۇپ يۇرەر پەرۋاسىز سىما.

4

چېچىۋەتتىم خىياللىرىمنى،
كۆيلىرىنى كۆيلىدى تۇنىمۇ.
تەلمۇرۇشۇم يۇرسە ئاۋارە،
قاياقتىندۇر ئاڭلىنار ئۇنۇڭ.
كۆيياندۇرۇپ مەيىن شامالار،
ئېلىپ كېلەر يالقۇنلۇق سېزىم.
هەمراھ بولسۇن تەنهالىقىڭغا،
مەهەلەڭگە چۇشكەن شۇ ئىزىم.

5

ئېزىپ يۇرگەن تىنىقلىرىڭنى،
تاپالمىدى ئىزدەپ ئاق كېچە.
تېرىۋالدى هىجرانلىرىڭنى،
خىياللىرىم تۇنەپ يۇرگىچە.
ئاھ، تېۋىنشلەر ياسار بىر هايات،
هىلال ئايدۇر ئەگىم سىياقىمۇ.
چۇشەر قاچان تونۇش يوللارغا،
يېنىككىنە باسقان ئاياغىڭ.

1990 - يىلى

# ۋىدالار يالدامىسى

1

ئېچىرقاشتا باقسا كۆزلىرىم،
بىر سۆيۈشكە كەتتىڭ ئۇنىماي.
تون قوينىدا ئۆچتى پاك جىلۋەڭ،
ئاشىقىڭنى قالدىڭ تونۇماي.
ۋىساللارغا ئاچالماي بىر يول،
سەنمۇ داغدا، مەنمۇ ھەم داغدا.
تورارسەنمۇ خۇيلىنىپ، بەزلەپ،
قۇچاق ئاچسا شۇ بەخت قايتا؟

2

دەرد تىلەيدۇ يالغان قەبرىلەر،
چۇۋۇلغاندۇر دوزاخلار بەلكىم.
تۇغلىرىغا قونۇپ مازارنىڭ،
سالار چۇقان ھاياتلىق ئەركىم.
سەن باشلىغان شۇ يېتىم ناخشا،
يىراقلاردىن بەرگەندە سادا.
ئاھ، قۇچاقلاپ ئارمانلىرىمنى،
كەچمىشلەرگە دەيمەن ئەلۋىدا.

3

ئېھ،باش باھار،بۇلاقلار ئويناق،
جۇپ كەپتەرلەر ئايلىنار كۆۋۈك.

بوسۇغاڭنىڭ يېرىقلىرىدا،
كۈتۈشلىرىم ياتىدۇ چۇۋۇق.
ئىشىكىڭدە تەنها قوڭغۇراق،
قوللىرىمغا باقار تامادا.
چىقارسەنمۇ كۈلۈپ گۈل چىراي،
قوڭغۇراقنى باسسام ناۋادا؟

4

قۇچقاچ كۆيى توختىغان ئاخشام،
بالكونلارنى قاپلىدى جىملىق.
يامغۇرلارنى سۆيەر خىيالچان،
جىلۋىسىنى يوقاتقان چىملىق.
پادىلارنى قوغلاپ بىر كۈنى،
قورۇقۇڭدىن ئۆتۈپ قالسام گەر.
قىزغىنامسەن چېغىر يولۇڭدىن،
شوخلۇقۇڭنى بۇزۇپ سەن دىلبەر.

5

مەھەللەڭدە چۇچۇك بىر ئاھاڭ،
تىڭشاپ ئۆنى بولدۇم مەن مالال.
رۇجەكلەرگە سالالماي نەزەر،
تېنەپ قالدىم ھالسىز ئېھتىمال.
ياتلار ئۇچۇن ئېچىلغان بېغىڭ،
كۆلەڭگەمدىن كېتەر گاھ ئۆركۈپ.
ياشلىرىنى بىر جۈپ كۆزۈمنىڭ،
ئىلاھ شامال ئۆتۈشەر سۈرۈپ.
1992 ـ يىلى

# تۆت تامچە ياش

1

يوللار سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق،
چاقىرالماس قەلبىم سېنى يار.
مەھەللەڭگە باراي دېسەم ھەي!
بىلىنىدىغۇ كوچاڭ بەكمۇ تار.
قۇچقاچلاردەك جانلار توپىدا،
ئاران - ئاران ماڭىمەن ئەگىپ.
ئويلىرىڭگە كىرىپ قالسام گەر،
تۇرارسەنمۇ تاتىرىپ، تەگىپ؟

2

ياساپ قويسام سەن ئۈچۈن راۋاق،
نەزىرىڭنى قويمىدىڭ بۇراپ.
بىلەلمىدىم كىملەر كۆز قىسىپ،
يوللىرىڭنى ئالغاندۇر توراپ؟
گۈزەل باغچام راۋاقلىرىغا،
يېزىپ قويدۇم ئىسمىڭنى تولۇق.
پارلاپ تۇرسۇن دېدىم چىرايلىق،
كۆلگەن كەبى سەھەردە ئۇپۇق.
كۆزلىرىڭگە ئوخشىتىپ دىلبەر،
مەھەللەڭدە كۈيلەتتىم بۇلاق.
غەمكىن - غەملىك تۇرسىمۇ قەلبىم،
يۈرەرسەنمۇ سالماستىن قۇلاق؟

3

ئانا تاغلار، ئويچان دەريالار،
ئىلاھ چالا سۆيگەن تارىمىم.
ئېھ، چۈشلەردەك ئۇنتۇلغان ماكان،
كۈلكەڭلەرنى ئىزدەر ئاۋازىم.
ئويلىرىمدا تاشلاندۇق سەھەر،
قۇملۇقلاردا شەيتان ئۇۋۇسى،
تىترەڭگىمەن — «تەنلىرىم ياپراق»
ھەيرەتلەردە قۇشلار توۋۇسى.
بىر دىلرەبا كەرەشمەك ئۇيقۇ،
ئۈزەلمەيمەن سېنىڭدىن رىشتە.
ئالتە كۆنلۈك ئالەم ئىكەن بۇ،
چىدارسەنمۇ ئۇنتۇلسام ئەتە؟

4

مورىلاردىن تۆكۈلگەن جىلۋەك،
بولالمىدى قۇشلارغا ئامراق.
قارا ئىسلار جىلغىلىرىدا،
جاھىللىقنىڭ سىلكىنەر يۇمشاق.
ئىمتاس ھايات، تىترەكلىرىڭنى،
مەھبۇس بىلىپ ئوينار بۇ پەلەك.
ئاھ، غەزەپلەر غاجالغان قاچان؟
ئالىقانلارغا تۇغۇلار يۈرەك.
خىياللارنىڭ جىمجىتلىقىدا،
قايناپ تۇرار كۆنلەرنىڭ قېنى.
كېكەچ تۇرسا بۇ تىلىم مېنىڭ،
بىلجىرلايمەن ساڭا نېمىنى؟
1996 - يىلى

# جىلۋىلەر رىشتى

1

تەبىئەت شاد، نېمىشقا ناخشاڭ ـــ
ساداسىنى يوقاتتى بۇ كەچ؟
دېرىزەڭگە قونماي ئاي نۇرى،
قىلغانمۇ يا تىلىڭنى كېكەچ؟!
بۇندا ھەممە ئامراق ئۇنۇڭنى،
بىر توپ يۇلتۇز ئىزدەر سامادىن.
سىمايىڭنى پايلار ـ تىۋىشلار،
گۈلخان ياساپ كەڭرى دالادىن.

2

سەن رىشىدە بولغان شۇ كۈنى،
بىر ساڭىلا بولدۇم خېرىدار.
باھار تۈگەپ، ياغقانغىچە قار،
كېچىلەرنى ئۆتكۈزدۈم بىدار.
كىملەرگىدۇ داڭلاپ نامىڭنى،
چۈشۈرمىدىم ئاغزىمدىن ھامان.
بىلەلمىدىم قاچان، قاي كۈنى،
ياتلار ئۈچۈن بولدۇڭكىن جانان؟

3

كۆلدى كۆڭۈل، كۆلدى ئارمانلار،
ياش يۈرىكىمىڭ مېنى سۆيگەندە.
كۆنلەر ئۆتۈپ يوقالدىڭ قايان،
بەخت كۈلۈپ باقاي دېگەندە؟!
سەپىرىمنى قۇچاقلاپ ھالسىز،
ئىزلىرىڭدىن باقىمەن تاڭغا.
كەچمىشلەرنى تۈرۈمەن رەتلەپ،
سوۋغا قىلماق بولۇپ بىر ساڭا.

4

يۈراقلارغا ئامراق كەپىلەر،
ھىدلىرىڭنى ئالغاندا ئوراپ.
جىرالاردىن تاپتىم جىلۋەڭنى،
قۇيۇنلاردىن ئىسمىڭنى ئوۋلاپ.
بويناقلارنى گوللاپ ئامالسىز،
كىرگىنىمدە بېغىڭغا تەمكىن.
كۆرۈنمىدىڭ شۇ تونۇش شاختا،
ئېست قايتتىم يولۇمغا غەمكىن!

5

ئۈزۈلگەندە ئوتلۇق پىچىرلاش،
باغاشلىدى تەنھالىق سېنى.

ئېلىپ كەتتى يىراققا ئالداپ،
ئىسسىق شامال تىترەكلىرىڭنى.
تورغاي چاڭگال تىزغان جاڭگالدا،
ئاچ كۆلەڭگەڭ تۇرىدۇ تۇنەپ.
تاختاق قوغلاپ قومۇشلۇق ئارا،
بىر ئاھاڭدا ئۆتەمسەن ئۇنلەپ.

6

ياپراقلاردا قالمىدى كۈلكە،
ئۆركىشىنى قاتۇردى دەريا.
جىلۋە سوراپ ئەستەلىكلەردىن،
سىلكىنىدۇ تىنچسىز دۇنيا.
نىگاھىمنى يوشۇرۇپ بىر كۈن،
بېرىپ قالسام ئالدىڭغا بىلمەي.
ئاچارسەنمۇ كۈلۈپ كەڭ قۇچاق،
باغرى قاتتىق مۇساپىر دېمەي؟!.

1997 ـ يىلى

# ھجران ناخشىسى

1

مەھەللەڭنى سېغىنىپ تاتلىق،
تامامىلىدىم ئاخىرقى كۈننى.
كىمگە شۈنچە بولدۇق ئىشتىياق،
ساڭا ئاتاپ توقىسام توننى.
چىغىر يوللار تۇرار چاڭ بېسىپ،
تىۋىشلاردىن يوق سادا، شەپە.
بۇ تۇرقۇمنى سۆيەر بەك ئاجىز،
نامرات دېھقان ياسىغان كەپە.
بارماقلىرىم سىزار تاملارغا،
جامالىڭنى دىلبىرىم تولۇق.
جازالايدۇ ئىلاھلار چوقۇم،
يۇمسام كۆزنى سۆيگۈسىز، قۇرۇق.

2

قوللىرىمدا ئاخىرقى تەلەي،
بەخت مارار يانچۇقلىرىمدىن.
شېئىر بولۇپ تۇغۇلار ئارمان،
ئۇيناپ تۇرغان قارىچۇقلىرىمدىن.
قىسقا يوللۇق بېكەتتە ھەر تاڭ،
پۇل سورايدۇ سەبىي بىر قىزچاق.
مەن سورايمەن ئۇنىڭدىن مىسرا،
كوچىلاردىن تاپىمەن قوشاق.
نامرات كۈنلەر قىينىسۇن مەيلى،
تىنىقلىرىم سەن بىلەن خەلقىم.

بولۇپ يۇرۇپ كوچا شائىرى،
ساڭا كۈيلەر ئېيتىمەن تەقدىم.

3

يالغان بەلگە تاقىغان كۈلكە،
ئەسنەشلەردىن مارار ئۇز ئىما.
جان تالىشار سۇنۇق ئۈتمۈشلەر،
ئارامىلارنى چۇۋۇيدۇ نىدا.
نەلەردىسەن بىرىنچى باھار؟
ئىرالاردا تاتلىق ئەسلىمە.
سىلكىنىدۇ بوشلۇقلار ئارا،
زىل ھاياتلىق سىلىنغان كىمە.

4

ئاھ، ھېسلىرىم تۆكۈلگەن تاڭدا،
ئېرىشكىنىم بولدى ئەسلىمە.
تەسۋى سىرىپ تۇرغان جان ئانام،
سىلىپ ئۆتتى قەلبىمگە زىدە.
قۇچقاچ سايراپ تۇرغان ئاق ھويلا،
چاقىرىدۇ باغرىغا تىنماي.
قۇرۇق ئەمچەك سالار بىر ئايال،
يىغلىمىغان بالىغا ئاي ـ ھاي.
بەلگە ئۇرۇپ ئۆتسەم كۆزلەرگە،
سۇرۇشتۇرمە مېنىڭدىن تويلۇق.
ھېچ نەرسەم يوق، تۇتالايمەن شۇ،
ئەقىدەمنى يوللۇقتا تولۇق.
گويا تەكرار كۆرگەن چۈشلەردەك،

ئۈنتۈلۈشۈم مۇمكىن ئېڭىڭدا.
مۇھەببەتلىك ئوقۇغان ناخشام،
ياڭرار مەڭگۈ ياشلىق تېڭىڭدا.

5

ئارامىمنى، تىمتاس كۆڭلۈمنى،
بۇزالمىدىڭ كېلىپ بۇ قېتىم.
قىيامەتنىڭ تەشۋىشلىرى، ئاھ،
يالاپ قويغان روھىڭنى بەلكىم.
تاتلىق چۈشكە ئوخشايدۇ ئەسلەش،
بىرسى ھەمدەم بولماس ئۈنۈمگە.
سېنى كۈتۈپ كۆرمىدىم خولۇق،
ئېچىنىمەن ئۆتكەن كۈنۈمگە.
ئويلىرىمدىن تىلەپ ئاراملىق،
تولغىنىمەن ئېغىر سۈكۈتتە.
يوقالغانسەن نەلەرگە يوچۇن؟
ساڭا تېخى كۆيدۈم دېمەستە.

6

كۆزلىرىڭدە چەكسىز مۇئەمما،
بار قولۇڭدا مېغىزدىن تىزىق.
لەۋ تامشىتىپ تۇرسام ئالدىڭدا،
نەزىرىڭنى سالمىدىڭ قىزىق.
تەقدىرلەرنىڭ شاپائىتىدە،
ئۈچرىشىپقۇ تۇرۇمىز قانچە.
كۆنلىرىمىز ئۆتەر ئارماندا،
سۆيگۈمىزدىن تۆكەلمەي تامچە.
1997 ـ يىلى

# نىگاھلار پەرۋازى

1

قۇچقاچ ئۇۋا قىلغان ئاق تاملار،
زاۋاللارغا سۆزلەيدۇ چۆچەك.
مورىلارنىڭ كىرپىكلىرىگە،
قارا ئىسلار تارتىدۇ جىيەك.
شولىلارغا چىرمىشىپ چاڭقاق،
ئاق جىلغىلەر ئۇنلەيدۇ ھارماي.
كونا قىشلاق كەچمىشلىرىنى،
ئەسىرلەرگە ئاڭلىتار سۇناي.

2

جاڭگاللارنى قويدۇڭ ئۇركۇتۇپ،
پادىلارمۇ يۇتتى ئاخىرى.
كەپىلەرنى كۇيلەيمەن ياڭراق،
مەن سەھرانىڭ بولۇپ شائىرى.
چەكسىز ئورمان، ئامراق قۇشلىرىم،
ئىرىقلارنى سۆيىدۇ ناخشام.
شەھەرلەردە يۇرسەممۇ ھۆۋلاپ،
لاي ـ لاي ئېيتار خاماندا ئانام.

3

بوران غايىب، قىلىقلىرىڭ ئوت،
نەزىرىمنى تارتتىڭ توختاۋسىز.
كۆزلىرىمگە سەن كىرىپ بۇدەم،
پاك ھېسلىرىم قالدى قامالسىز.
بىر دەستە گۈل، بىر ئاشىق يۈرەك،
گۈل بېغىڭغا ئېلىندى كۈلكەم.
بۇتنارسەنمۇ ئەي گۈزەل رەنا،
باغلىرىڭدا گۈل پۇراپ يۈرسەم.

4

يۇمشاق يوللار، تەنها مەھەللە،
توخۇلارنى چاقىرار بىر چال.
كۆكتە تۇرغان تەمكىن يۇلتۇزلار،
قىشلاقلارغا نۇر تۆكەر غىل-پال.
پۇراق چاچقان، كۈلگەن كۆلچەكلەر،
قاچانلاردا ئۇيۇغان مۇزلاپ؟
ئىشىكىڭنى ئېچىپ قوي ئۇلۇغ،
شاد ئاۋازىم بارغاندا ئوۋلاپ.

5

كىملەر ئۈچۈن بولدۇڭ قەدىردان،
ياپراقلاردا ئۈنلىمەس كۈلكەڭ.
كېتەرمىدى دالالار پارلاپ،
يۇلتۇزلاردەك تەمكىن كۆرۈنسەڭ.

يالپۇز چىشلەپ ياتقان ئېدىرلار،
پادىلارغا بىرەر ئاراملىق.
ئاھ، تونۇش بىر قومۇش نەي ئۈنى،
ئۇخلاتمايدۇ سېنى داۋاملىق.

6

ئۇچراشقاندا كۆزدىن نۇرىمىز،
نەزىرىڭنى بۇرايسەن يىراق.
ئادرېسىمنى بېرەي دېسەم، ئاھ،
ئۇيۇلۇشتىن چېكىنسەن پىراق.
باھار كېلىپ كۆلگەندە باغلار،
گۈل ئۈزۈشكە بارسەن دائىم.
غايىب قىلغىن مەيلى تۇرقۇڭنى،
روھىڭدا مەن، مېنىڭ ئاۋازىم.

2001 - يىلى

# ۋاراقسىز ئالبوم

1

چۈشۈرمەكتە زەڭگەر مۈزلۈقلار،
تومۇرۇمنىڭ ھارارىتىنى.
كۆيلىۋالغىن چەكسىز باياۋان،
ئاتا قىلاي خىياللىرىمنى.
ئېچىرقاشلار ئوتلۇق شۇ قەدەر،
تەلپۈنۈشنى قىلىدۇ چۈچۈل.
مەن روھىڭدا ياسالغان بېكەت،
شۇ بېكەتتە سەن گويا بۇلبۇل.

2

پەرۋازىنى ئۇنتۇغان قۇشلار،
قۇنالمايدۇ شاخلارغا ھەتتا.
تىنىقلىرى كۆيەر ئاخشامنىڭ،
خورەكلەرنىڭ دولقۇن ـ ئوتىدا.
قىمىرلىغان شۇرلاش ئەسلى،
شەيتانلارنىڭ ھىيلىسى بىلسەڭ.
قەدىرلىكسەن مەڭگۈ قېرىماس،
ئاھ، ئۆزۈڭنى چوغلىنىپ سۆيسەڭ.

3

سۆكۆتلەرنى باغاشلاپ ياتقان،
مۇھەببەتتۇر ئۆچمەس ئەسلىدە.
يىرتىلماقتا تەقدىر دەپتىرى،
سۆيۈلۈشنىڭ گۈزەل پەسلىدە.
ۋىسال نېمە، بەخت ھەم نېمە؟
مەنزىللەرگە ئېتىپ باق سەپەر.
مۈشكۈللەردىن تاپقىن ئۆزۈڭنى،
ھايات شامىڭ ئۆچكەنگە قەدەر.

4

رۇجەكلەرنىڭ تىمتاسلىقىغا،
گويا نۇردەك يېلىنجاپ ئاقتىم.
سەندىن جۇدا سەرسان روھىڭغا،
روھلىرىمنىڭ باغرىنى ياقتىم.
كۆيدى سەھەر، كۆيمەكتە نۇرلار،
رىۋايەتكە ئايلىنار ھەممە.
چۈشسەمۇ بۈيۈك سەلتەنەت،
ئېرىشكىنىم پەقەت ھېچنېمە.

5

تارام ـ تارام كۆيلەر بەرگىدە،
يوقتۇر پەقەت سېنىڭ نىگارىڭ.

كىملەر ئۈچۈن بولغاندۇر ئۇلجا؟
سۆيۈلۈشكە ئامراق دىدارنىڭ.
يېنىۋاتقان تىۋىشلىرىنى،
پۈۋلىمەكتە مۇساپىر شامال.
كەچمىشىڭگە بولماقتا شاھىد،
چىلاۋاتقان كېچىنى زاۋال.

6

كەچمىشلەردىن پۈتۈلگەن ھايات،
غەلۋىلەرنى قىلماقتا مالال.
غەلىبىسىگە ئاچماقتا كۆرەك،
ھۆكۈمرانغا ئايلانغان ئايال.
ئەكس سادا قايتالماي شۇ تاپ،
يۈرەر بۇندا مەنزىللەر ئېزىپ.
ئېچىشمامدۇ باغرىم مېنىڭكى،
يوقالساڭ شۇ توزغاقتەك تېزىپ.

7

ئەسلىمىدۇر يوقالغان جىلۋەڭ،
جىمجىتقىنە يۈتكەن غايىبان.
ئىشىكىڭدە تۇرار بۇقۇلداپ،
ۋىسال ئىزدەپ بىچارە ئارمان.
ھىجران تۇغۇپ ئۆلگەن كۆلكەڭنىڭ،
قاتلىرىدا قىمىرلار قىسمەت.

يوللىرىڭنى ئېچىۋەت جېنىم،
ئېلىپ باراي مەڭگۈلۈك شەپقەت.

8

ئاھاڭلىرىڭ پەسلىگەن دەمدە،
چۆكۈپ كەتتى يوللار سۈكۈتكە.
يېلىنجىغان سىماھلىرىڭنى،
ئايلاندۇردۇم يانغىن پۈتۈككە.
مەنزىل تامان يۈرگەن ھارۋىكەش،
بىر ناخشىنى غىڭشىيدۇ تەكرار.
«ئۆز يايرىدىن ئايرىلىپ دوستلار،
بۇ دۇنيادا ئۆلمىگەن كىم بار؟»

2009 - يىلى

# كۆيۈك ئاھاڭلار

1

غايىب قىسمەت، غايىبتۇر ئەجەل،
تۇيدۇرماستىن يۇتەر ھەممىنى.
ھايات گويا بىر كىچىك كېمە،
كۆتۈرەلمەس دۇنيا غېمىنى.
پەرۋا قىلماس ھالىڭغا ھېچكىم،
قانچە ئېغىر يۇرسەڭمۇ تىنىپ.
بىلەلىسەڭ سېنىڭدۇر دۇنيا،
كۇلەلمىسەڭ، يىغلىۋال قېنىپ.

2

ئۆچۈپ كەتسۇن غەملەرنىڭ بارى،
كۇلگىن قېنىپ، كۇلگىن چىرايلىق.
جىلۋىلەرگە تولسۇن تەبىئەت،
ھەتتا تاشلار بولسۇن ناۋالىق.
كېچىلەردە قالمىسۇن ئازاب،
كۆرۈنمىسۇن ياش يۇقى يەنە.
كەتسۇن تولۇق ئۇنتۇلۇپ ھەممە،
ۋىسال ئۇچۇن كۇلسۇن تەنتەنە.

3

ئۇنتۇلۇپ كەت ئەمدى ھەممىنى،

ئازاب دېگەن مەڭگۈلۈك لىۋەن.
ئوت كۆيمەكتە بېشىڭدا ئەنە،
سەن ئۆزۈڭنى چاغلىغىن تىمەن.
بەختسىزلىك ئەمەس ياش تۆكۈش،
ياشاشنىڭمۇ باردۇر گۈل يولى.
سۆيۈلۈشتىن تاپمىساق ۋىسال،
يېقىنلاپ باق ئۆلۈمگە ياكى.

4

كىچىككىنە يارقىن يۇرىكىم،
بۇ كېچىدە غېرىبسەن، غېرىب.
ھېچكىم سېنى قويمايدۇ يوقلاپ،
گەر باغرىمنى چىقساڭمۇ يېرىپ.
ئۇنتۇلماقتا بىز ياققان گۈلخان،
يوق تۇلپارنىڭ كىشنىشى ھەمدە.
بى پەرۋادۇر جەڭگاھتا باتۇر،
دات ئىزى بار قىلىچ بىسىدە.

5

ئىشىكىڭنى ئاچقىن ئامرىقىم،
بارلىقىمنى تەقدىم ئېتىمەن.
جامالىڭنى كۆرمىسەم مەررە،
بوسۇغاڭدا ئۆلۈپ كېتىمەن.
گۇناھكارغا ئايلانغىنىڭدا،
كېچىكىسەن ھەممىگە تۇگەل.

ئوقۇغاندىن ئۆلگەندە «ياسىن،»
كەل! بىرلىكتە ئېيتايلى غەزەل.

6

جىمىپ كەتتى پىچىرلىغانلار،
سۆكۈتلەرگە تاشلاندى دالا.
ئۈزۈپ يۈرەر يەنە بىر ئاھاڭ،
قىشلاقلارنىڭ تومۇرلىرىدا.
دەرەخلەرگە ئويۇپ ئىسمىنى،
ئاۋارىدۇر — ئاۋارە جانان.
ھۆزۈرلىنار شامالنىڭ ئۈنى،
قوۋزاقلارنى سۆيۈپ غايىبان.

7

قۇچاقلىۋال ئانا سەن مېنى،
ئاھ، قورقىمەن يالغۇز قېلىشتىن.
جامالىڭنى يىتتۈرۈپ قويۇپ،
سەۋدايىدەك چۇقان سېلىشتىن.
سەن بولمىساڭ ياشنىماس دۇنيا،
شىلدىرلىماس ئېرىقلاردا سۇ.
دەپ قالمىسام ئىدىم ياش تۆكۈپ،
ئانام ئېسىل ئايال ئىدىغۇ.

8

ئايدىڭ كېچە، يالقۇنلۇق سىزىم،
تارىماقتا خانەڭدىن ئۇزاپ.
تۇندە ئەگىپ ئۇچقان شەپەرەڭ،
يىقىلماقتا ھىدىڭنى ئوۋلاپ.
يىراقتىكى ئازابلىق ئاۋاز،
بۇزالمىدى چۈشىڭنى بىرە...
بولۇپ قالدى قىشلاقلار غەمكىن،
ئۇنلىرىڭگە سالالماي گىرە.

9

يوللار يوچۇن، يوللار بىزۇۋان،
بىر نۇقتىغا تىكىلەر كۆزۈم.
خىيالىمدا قىلسامۇ پەرۋاز،
تار كوچىدا يەنىلا ئۆزۈم.
تۇرسا كېكەچ شەھەردە ھەممە،
بىلجىرلايمەن دەردىمنى كىمگە.
پىچىرلايمەن ئۆزۈمگە تەكرار؛
چىقىپ قالدىم قانداق كېمىگە؟

10

ئۇلۇغلىنار بىر ئاھاڭ يارقىن،
ئارمانلارنىڭ لىۋىدە پىنھان.
نەغمىسىنى ئاڭلىتار بۇندا،

جىرالاردا ياتقان قەبرىستان.
ئىزگۇ تۇيغۇم، ئىزگۇ ھېسلىرىم،
سەزگۈلەردىن توقۇيدۇ قوشاق.
سەن مەڭگۈلۈك بولساڭ مۇھەببەت،
تىنىقىڭدا مەن ئۆلەي شۇنداق.

11

چەكسىز قىشلاق، ئوتلۇق ئارماندا،
بىر ئاھاڭغا مۇپتىلا دەمال.
يوشۇرىدۇ پىچىرلىشىنى،
گۈزەل تاڭلار ئاچالماي جامال.
بىر سەن ئۈچۈن ياراتتىم ناخشا،
ئوقۇمامسەن جىگەرىم دىلبەر؟
پارلىماقتا قۇياش بەھرىدە،
ۋىسالللارغا ئايلانغان سەپەر.

12

توزاڭلارنىڭ ئۇپۇق باغرىدا،
ئىسەدەيدۇ بەك ئاچچىق ئازاب.
جاڭگالللارنىڭ جىمجىتلىقىنى،
ئوغرى قويۇن قاچقانمۇ ئالداپ؟
كۆي تۆكەلمەس يالىڭاچ ئورمان،
بولغاچ جۇدا ياپراق بىغىدىن.
ئۆرلىمەكتە سېغىنىش، ھەسرەت،
سۈكۈتلەرنىڭ قاڭقىپ باغرىدىن.

13

رىۋايەتكە بوغۇلغان يىللار،
ئىزلىرىنى ئىزدەر سامادىن.
چۈشەكەيدۇ قۇملۇقلار ھالسىز،
سۆيگۈ، مېھىر تىلەپ دۇنيادىن.
تەلپۈنىدۇ قەلبىم ھاياتقا،
تۈيۈلسىمۇ كۆلكىلەر بەك يات.
قۇچاقلايمەن باغرىڭنى تۇپراق،
ۋۇجۇدۇمدا سۆيگۈلەر قات ـ قات.

14

پۇچۇلانغان ئىقبال بەرگىدە،
تىلغىنىدۇ سۆيگۈ ھەم بەخت.
پاك مۇھەببەت ئىزدەر كۈي ـ ناۋا،
غەلىيانلارنىڭ كۆزىدىن تېمىپ.
خىياللارغا ئايلانغان دۇنيا،
ئازاب بولۇپ توقۇلار ھامان.
بوغۇزلىنار نەيرەڭ بىسىدە،
بىخلانمىغان ئىزگۈلەر پىنھان.

15

ئۈزۈلگەندە سۈزۈك ئاۋازىڭ،
ئەسلىمىلەر قېتىدا تەۋرەپ.

ئېھتىمالىم قالدى تىۋىشىڭ،
ئىزلىرىمغا ئۇنسىز ئېسەدەپ.
شۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردە،
يالدامىسى بولدى مېڭىشىڭ.
قاچانغىچە چۇشەيمەن سېنى،
كۆلۈشۈڭنى ناۋالىق سېنىڭ؟

16

ياندۇرالماي جاھىللىقىمنى،
روھ تۇمارىم بولار ئاۋارە.
جىلۋىگەر شۇ قاراشلىرىڭدا،
بىزارلىقىڭ ئۇنلەر يېگانە.
كۆي ـ ناۋاغا بولساڭمۇ ئامراق،
ئېغىر كېلەر مەررە كۆلۈشمۇ.
يېپىشىمەن ھاياتقا شۇنچە،
ياشاش تاتلىق، بەلكىم ئۆلۈشمۇ.

17

جىمىپ كەتتىڭ كەلمەستە باھار،
كۆلۈپ كەتتىڭ پۈتمەستە دەردىڭ.
بىر تال گۈلۈڭ ئېچىلماي تۇرۇپ،
ئۇلجىسىغا ئايلاندىڭ كىمنىڭ؟
يۇلتۇزلىرىڭ تۇرار ئېسەدەپ،
سىمايىڭنى تارايدۇ، پىنھان.
كەچمىشلىرىڭ يانار چۆللەردە،

ئازغۇن چۈشكە بولۇپ غايىبان.

18

ۋۇجۇت كۆيەر نېچۇن ئازابىسىز،
ئىسرىقدىنى بولۇپ گۇگۇمنىڭ.
كۆڭۈللەرنى قىلار شادىمان،
سۆيگۈ سوراپ ياشاش دېگەنىنىڭ.
پىيادىلىق ئۆتتۇم كوچاڭدىن،
دېرىزەڭدىن ئىشارەت ئىزدەپ.
تولۇپ كېتەر ئەتراپ پۇراققا،
قويساڭ تاتلىق بىرنى ئەركىلەپ.

19

ياش كۆيمەكتە، كۆيمەكتە شەھەر،
ئاھ، تاناماقتا ھايا ئىنسانىدىن.
كوچا كېزەر يالىڭاچ ئايال،
سارائلىقى تۇتۇپ قالسىلا.
ئىڭرىماقتا كېچىنىڭ باغرى،
تۇتۇلماقتا گۇناھنىڭ تىلى.
قاچانلاردا ئېچىلار ئۇلۇغ؟
ئالتۇن بەتلىك ساۋاب دەپتىرى.

2002 ـ يىلى

# كۆكۈل تەبەسسۇمى

1

جۇلاسىدىن جۇدا ئاخشاملار،
زەررە نۇرغا تاشلىنار ھالسىز.
مۇھەببەتنىڭ گۈزەل پەسلىدە.
ئىشىكىڭنى چەكتىم پەرۋاسىز.
چۆچەكلەردە تەسۋىرى تۇرقۇڭ
ئاھ، ئەمەسكەن ۋىناسىنىڭ تىلى.
ئايلىناتتىم شاھزادىگە مەن،
بولساڭمۇ گەر ھۆرىلەر خىلى.

2

كىرپىكلەردىن يارالغان ئورمان،
لىرىكىلىق ياسايدۇ دولقۇن.
جامالىڭنى يوشۇرما قىزچاق.
ئۆمرۈم بېتى سۆيگۈگە تولسۇن.
رىۋايەتكە ئايلاناماستىلا
چۆكۈۋالاي جىمجىتلىقىڭغا.
باھار بولۇپ ئېچىلساڭ مەيلى،
ئايلانمىغىن قۇيۇنغا ئەمما.

3

كۆيلىرىمنى قويغان مىجىقلاپ،
سېنىڭ قولۇڭ ئەمەستۇر ئەمما.

نەزىرىڭدىن ئۆچتۇم نەگىدۇ،
ناخشا قالدى، سەنمۇ يىراقتا.
كەپىلەردە قىزىغان مەشرەپ،
ئۆتالمىدى مىسكىن كۆڭلۈمنى.
ئەمدى قايدىن چىقارسەن كۈلۈپ؟
جىلۋە بىلەن تارتىپ مەيلىمنى.

4

سەھرا، سەھرا بىر گۈزەل نۇرسەن،
قۇياش چۈشكەن سەندىن تامچىلاپ.
باغرىڭ چەكسىز مېھىر دېڭىزى،
دولقۇنلىغان دىللارغا يامراپ.
سۆيگۈ چەمدۇر ساڭا تائەبەد،
كەچمىشلەرمۇ باردۇر يەتكۈدەك.
يەر شارىنىڭ گۈلى، تاجىسەن،
تويماي سېنى تاۋاپ ئەتكۈدەك.

5

بۇسۇغاڭغا قونۇپ ناگىھان،
تىۋىشىڭنى پايلار نىگاھىم.
ماختاشلارنىڭ ئىچىدە پەقەت،
يوقتۇر ئوتلۇق كۈلكەڭ نىگارىم.
يوشۇرالماي ئاشىقلىقىمنى،
ئالقۇنلارغا ئاتتىم ئىشارە.
بولدۇقلايسەن چەشمىدەك گويا،
قۇچاقلىسام بولۇپ بىچارە.

## 6

پالىقىمنى ئۆردۈم سەن تەرەپ،
سەن يەتكەنگە يېتەي مەنمۇ دەپ.
ۋىسال دېگەن شۇدۇر دىلبىرىم،
قىرغاق تامان چىققاندا دەسسەپ.
ئىشىنىمەن، ئەتىمىز شەكسىز،
بۈگۈندىنمۇ بولىدۇ پارلاق.
چەكمە ئازاب، بولما بىئارام،
ئۆرۈلگاندا قەلبىڭگە پارلاق.

## 7

ۋىسال كۈلۈپ باقمىغان كېچە،
چۈشلىرىمگە قالدىڭ ئېلىنىپ.
تەرسالىقىم ئۆچتى بەك ئاجىز،
غايىبلىقىڭ ئېغىر بىلىنىپ.
شۇنچە سىرلىق شىۋىرلاپ قۇملۇق،
ئارامىمنى قويدىغۇ بوغۇپ.
لەززەتلەردە تەۋرەنسە دۇنيا،
قۇچىقىڭدىن تۇرسام ئويغىنىپ.

## 8

ئازاب ـ كەچمىش، ئازاب بىر ناخشا،
تۈگىمەيدۇ ئوقۇساڭ ئەبەد.
ئەسلەر ھەممە بەختىيارلىقنى،
چوقۇم باشلاپ كەلگىنىڭدە دەرد.

ئەپسانىدۇر بەزىدە سۆزۈڭ،
مەن ئۆزگىنى سۆيىمەن دېسەڭ.
ھېچنېمىدۇر ئۆلۈم دېگىنىڭ،
ياشاش ئۈچۈن ئۆلۈشنى بىلسەڭ.

9

يامغۇرلۇق تۈن، يەنە ئاۋازىڭ
بارالمىدى خانەمگە يېتىپ.
خىيال ئەتتىڭ نېمىنى تەكرار،
سەزگۈلىرىم كەتتى تەۋرىنىپ.
بوۋام ئېيتىپ بەرگەن ھاياتنى،
بېرەلمىدىم قۇشلارغا سۆزلەپ.
سىڭىپ كېتەي باغرىڭغا ئەمدى،
سىمايىڭنى، ۋەسلىڭنى ئەسلەپ.

10

ئېسەدىگەن كۆزنىڭ بەھرىدە
پىلىلدايدۇ كەچمىشنىڭ قېنى.
يالغۇزلۇقنىڭ چۇقانلىرىدىن
تىتىلماقتا سۈكۈتنىڭ تېنى.
ئېھ، مەھەللەم گۈزەل ۋەتەن سەن،
ئەركىنلىكىم سەندىلا مېنىڭ.
مۇھەببەتكە كەڭ قۇچاق ئاچقان
كۈيچىسىمەن ئۇلۇغ خەلقىمنىڭ.

11

نىگاھلىرىڭ ئۆچكەن زاۋالدا
سايىلارغا قىلدىم تەبەسسۇم.
چېغىر يولۇڭ كەتتى بۇزۇلۇپ،
تەلپۈنۈشۈم بولغاندا ئۇچۇم.
رىشتىلەرنىڭ ئۈزۈلدى بەرگى،
قويغىنىدا ياتلىشىش باتناپ.
قالدى سۆيگۈ دەپتىرى ئاقلا،
ئاھ، سېغىنىش شولىدەك يوقاپ.

12

گۈزەل ئاخشام، قىشلاق باغرىدا
چىرىلدايدۇ ئۈنلۈك چېكەتكە.
ھىدلىرىڭغا تەلپۈنۈپ قەلبىم،
بېرىپ قالدىم سەن يوق بېكەتكە.
ئاشىقلارنىڭ ئاجىز ئۆكسۈشى
ئارامىمغا بەرمەس ئاراملىق.
نېمىلەرنى قىلمايمەن خىيال؟
تۈيۈلغاندا جىلۋەڭ ئازابلىق.

13

جىمجىتقىنە يېتكەن كۆلكەڭنىڭ
ئىزناسىدا ئۈنلەيدۇ ئارمان.
ئۆتمۈشۈڭنىڭ شىۋىرلىشىنى
تىڭشىماقتا كۆي خۇمار جاھان.

مېھرى ئوتلۇق ھاياتنىڭ شۇنچە،
قىيالمايسەن ئۆلۈشكە زىنھار.
گۇمراھلىقنىڭ بولمىغىن قۇلى،
چىن ئېتىقاد بولسۇن ساڭا يار.

14

جىگدىزارنىڭ ھىدىنى ھىدلاپ،
قىشلاق يانار سۆيگۈلەر ئارا.
ئوقۇلىدۇ قۇشلار تىلىدا،
يېشىل نۇردىن توقۇلغان ناخشا.
مۇساپىرنىڭ ئەمەس ئاۋازى،
باياۋاندىن ئاڭلانغان مىسكىن.
ئۇنتۇپ كېتىش مۇمكىن ھەممىنى،
ئۇنتىماق تەس ئازابنى لېكىن،

15

شاماللارنىڭ ئۆكسۈشلىرىدىن،
يالىڭاچلاندى دەرەخنىڭ تېنى.
سەن تەلمۈرۈپ تۇرساڭ ئالدىمدا،
خىيال قىلاي كىمنى، كىملەرنى.
تۇتاي مەيلى ئۆلۈمنى يېقىن،
مۇھەببىتىم چەكسىز ھاياتقا.
مەررە ئەركىن قەدىمىم ئۈچۈن،
گۈلخان بولۇپ يانىمەن تاڭدا.

16

تىترەكلەردىن ئويغانسا باھار،
پۇراقلارغا تولسا تەبىئەت.
چېچەكلەردىن گۈل قىسسام ساڭا،
مىسكىنلەرگە تاراتساڭ شەپقەت.
بېقىشلىرىڭ يۇتمىسە ھەرگىز،
ئاشىق يۈرەك قانمىسا تىڭشاپ.
نۇرلىرىڭنى تۆكۈپ دىللارغا،
تۇرالىساڭ يۇلتۇزدەك پارلاپ.

17

سەھرادىكى يامغۇرلۇق تۈندە،
چاقماق بولۇپ چۈشتۈم خانەڭگە.
سۆمباتىڭنى تارىدىم ئۇزاق،
ئىسيان ھېسلار تولۇپ قەلبىمگە.
كېسەك تامنىڭ يوچۇقلىرىدىن،
تېرىۋالدىم كەچمىشلىرىڭنى.
ئايغا قاراپ تۆكتۈم شۈنچە ياش،
ئىزدەپ تاپاي سەندىن نېمىنى.

18

بۇلدۇقلىما جېنىم بىر مەھەل،
تىنىۋالسۇن دەرد تارتقان يۈرەك.
سۇبھىلەرگە باقمىن جۇلالىق،

ۋۇجۇدۇڭدىن يوقالسۇن تىترەك.
جىلغىلەرنى باخاشلا قانماي،
نەپەسلەردە قالمىسۇن پىغان.
يەڭگىللىسۇن دۇنيانىڭ غېمى،
بولۇپ ياشا شادىمان ئىنسان.

19

سىم ـ سىم يامغۇر، ئاجىز ئىچىرقاش،
قىزغىنلىقى كۆيەر ئاخشامنىڭ.
تەنھالىقى چۈشەر تاراملاپ،
غېرىبسىنىپ تۇرغان ئاق تامنىڭ.
سوقۇلىمىز ئۆزىمىزگە گاھ،
هاياتلىقنىڭ يوچۇقلىرىدا.
كۈۋەجەيدۇ يالقۇنلۇق ئارمان،
سىلكىنىشنىڭ ئۇپۇقلىرىدا.

20

سېغىنىمەن قىشلاق باغرىنى،
ئايدىڭدىكى جىگدە ھىدىنى.
دولقۇنلامدۇ تومۇرۇڭدا قان،
ئۇنۇتتىڭمۇ ياكى ھەممىنى.
جىرالاردا قالغان كۆلەڭگەڭ،
قومۇشلارغا سۆزلەيدۇ قىسسە.

توزانلارغا ئايلىنىپ روھىڭ،
ئۆرلەر كۆككە بولۇپ ئەسلىمە.

21

سۆزۈك خىيال ئاراچلىرىدىن،
بالقىماقتا سېغىنىش نۇرى.
جۇلالايدۇ مۇھەببەت شۇنچە،
مېھىرلەرگە تويۇنغانسېرى.
چۈشلەر رەڭدار قىلار تۈنلەرنى،
سۆيۈلۈشكە قانمايدۇ يۈرەك.
تەرسا ھېسلا كۆتۈرەر چۇقان،
گاچا قىزنىڭ ئەركىلىشىدەك.

22

باغلىرىڭدا كۈلگەندە گۈللەر،
ئايلىنىدۇ باھارغا جىلۋەڭ.
نۇرلىرىغا چۆمۈلۈپ تاڭنىڭ،
ھاياجاندا چوغلۇنۇپ كۈلسەڭ.
غۇنچىسىسەن ئانا تۇپراقنىڭ،
گۈزەللىكنى قۇچاقلاپ ياتقان.
كۈيچىسىمەن ئېھ ئانا سەھرا،
مېھرىڭ ئېمىپ قوشاقلار قاتقان.

# كۆتۈشلەر يادنامىسى

1

تەبەسسۇمۇڭ ئازغاچقا بىردىن،
يات شاخلاردا مۇڭلىنار ئازاب.
ئادرېسىنى يوقاتقان شامال،
پەسىللەرنى يۈرەر ھاپاشلاپ.
ئاھ تەبىئەت گۈزەل مەھەللەڭ —
تەلپۈنۈشلەر ياتار يولۇڭدا.
قونسام دەيمەن بولۇپ كېپىنەك،
نەزىرىمنى تارتقان بويۇڭغا.

2

كىرپىكلىرىڭ قاتقان ئورمانلار،
شېرىن ئاخشام تەشۋىشىدە ئاي.
بىر ئاھاڭ بار ئارمانلار سۆيگەن،
چۆچەكلەرگە، كەچمىشلەرگە باي.
خۇرسىنىشتۇر سەن كۆرگەن چۈشلەر،
شولىلاردا كۆيگەن رۇخسارىڭ.
نە ۋەتەنگە ئەيلىدىڭ پەرۋاز؟
كۆڭۈللەردە تۇرسا سىماسىڭ.

3

ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغان چىغىر يول،
ئۆكسۈشلەردىن ئىزلەر شاپائەت.
مانانلاردىن بەزگەن دوقمۇشلار،
ئەرۋاھلارغا تاشلار ساخاۋەت.
يۇلتۇزلىرىڭ ئۆچۈپ ناگىهان،
شاد كۈلكىلەر يۈتسە مۇبادا.
زىبالىقىڭ يورۇتۇپ كەڭلىك،
پارلاپ تۇرار كەڭرى سامادا.

4

ھىتىر قاشتا كۈيلەنگەن كۆزلەر،
قارىچۇقلارغا تارتقاندا جىيەك.
ئەسىرلەرگە ياسايدۇ ھىجران،
پاك ھىسلاردىن كۆز ئىچىپ تىترەك.
تۆكۈلگەن شۇ شۇ ياپراق، شۇ غازاڭ،
قىسمەتلەردىن ئىزلىشەر ئىسيان —
شامالللارنى چىشلەپ ئاۋارە.
جىسمى نىمجان، ھەممىسى ئايان.

5

ئاقۇچ تۇزان، خىيالى گۇگۇم،
نازۇك - نازۇك تەۋرىنەر قىشلاق.

ئېخ! جىمجىتلىق كۆلەڭگىسىدە،
ئۇزۇپ يۈرەر بىر تاتلىق قوشاق.
تەلمۈرۈشلەر ئۈنسىز، نىشانسىز،
يۈلقۇنىدۇ ئۇيقۇدا قىزلار.
پاتقاقلاردا چايقىلار بىر - بىر،
جىلۋىلەرگە مۈپتىلا ئىزلار.

6

خىيال رەتلەپ يۈرگەن كۈلكىلەر،
ساداسىنى يوقاتقان قاچان.
قىيامەتنىڭ بوسۇغىسىدا،
سەۋدا قوللار تىلەپ يۈرەر جان.
مەن ئۇچۇرغان شۇ ئاشىق كەپتەر،
سەن تەرەپكە قالسا گەر پەسلەپ.
بىر چاغلاردا پادا باققان دەپ،
ئويلىرىڭدا قويامسەن ئەسلەپ؟

7

جۆيلۈشلەردىن ئۆلدى دەريالار،
ئېزىپ يۈرەر چۈشلەردە زاۋال.
شەپىلەرگە سۆزلەپ رىۋايەت،
توپ كىرپىكلەر ئىغاڭلىتار تال.
بىر سەن ئۇچۇن كۆرگەن چۈشلىرىم،
تېنەپ يۈرەر بۇندا نىشانسىز.
تۇيغۇلىرىم تورسىمۇ سۈيلەپ،
نېچۈن بۇ كەچ يوقالدىڭ بەك تېز.

8

ئۇلۇغلايمەن بىر كۈيىنى بۇندا،
ئارمانلارنىڭ كۆزىدە پىنھان.
نەغمىسىنى ئاڭلىتار ھەتتا،
جىرالاردا ياتقان قەبرىستان.
ئىزگۈ تۈيغۇم، ئىزگۈ ھېسلىرىم،
سەزگۈلەردىن توقۇيدۇ ۋەتەن.
سەن ئاداقى كۈلگەن مۇھەببەت،
تىنىقىڭدا ياشاپ ئۆلەي مەن.

9

چەكسىز قىشلاق، ئوتلۇق ئارمانلار،
بىر ئاھاڭغا مۈپتىلا زاۋال.
يوشۇرىدۇ پىچىرلىشىنى،
گۈزەل تاڭمۇ ئاچالماي جامال.
ۋەتەن ئۈچۈن ياراتتىم ناخشا،
ئوقۇمامسەن كۈي قىلىپ دىلبەر؟
پارلىماقتا نەزىرەڭ ئىچىدە،
ۋىساللارغا ئايلانغان سەھەر.

10

توزاڭلارنىڭ كىرپىكلىرىدە،
ئېسەدەيدۇ بەك ئاچچىق ئازاب.
جاڭگاللارنىڭ جىمجىتلىقىنى،

ئوغرى بوران قاچىدۇ ئالداپ؟
كۆي تۆكەلمەس يالىڭاچ ئورمان،
بولغاچ جۇدا ياپراقلىرىدىن.
ئۈنلەپ چىقار سېغىنىش، ھەسرەت،
ئاۋازلارنىڭ قاسراقلىرىدىن.

11

رىۋايەتكە بوغۇلغان يىللار،
ئەركىسىنى ئىزدەر سامادىن.
چۇش كۆرىدۇ قۇملۇقلار يېشىل،
سۆيگۈ، مېھىر تىلەپ دۇنيادىن.
كۆلكە ئىزدەپ چاپىمەن ھامان،
تۇيۇلسىمۇ جىلۋىلەر بەك يات.
قۇچاقلايمەن باغرىڭنى تۇپراق،
يۈرىكىمدە سۆيگۈلەر قات ـ قات.

12

مېھىر تامغان تىنىقلىرىڭدىن،
چوغ رەڭگىدە ياراتتىڭ مېنى.
بەختىم ئۇچۇن ئۇشبۇ ئالەمگە،
زىيا قىلىپ تاراتتىڭ مېنى.
پەپىلىدىڭ تاپماستىن تېنىم،
قىيامەتلىك كۈنلەردىن ساقلاپ.
قۇتلۇقلايمەن ئەجرىڭنى ئانا،
ئارمىنىڭدا مەڭگۈلۈك پارلاپ.

13

قۇم كۆيگەندەك،كۆيمەكتە ئالەم،
يوقالماقتا بىر گۇزەل ناخشا.
ئۆركىشىنى يىتتۇرۇپ قويۇپ،
چاڭقاقلىقتىن تاشماقتا دەريا.
ئاۋازىڭدا قونۇپ بۇلۇتقا،
كەڭ جاھانغا سالغان بىلەن جار.
ئەندىكمىسەڭ سوغۇق ئازابتىن،
بۇ دۇنيادا يەنىلا سەن خار.

2003 ـ يىلى

# ئىزسىز يوللار

1

ئۆستەڭ بويى قۇرغاق شۇ قەدەر،
كۆز چانىقى نەمدۇر ئاخشامنىڭ.
ئاڭلىمىدىڭ بەلكىم مۇڭلۇنۇپ،
نىداسىنى مىسكىن ناخشامنىڭ.
يالغۇز جىگدە تۇۋىدە سەن يوق،
تۇيۇلمىدىم ئوتلۇق ھېچكىمگە.
ئاۋارىمەن چىغىر يوللاردا،
غەمناك ھېسلار پەۋەس قەلبىمدە.

2

تارام ـ تارام كوچىلار ئارا،
جامالىڭنى ئىزدەيمەن يېنىپ.
بۇزۇلىدۇ كۆڭلۈم ئارامى،
پىچىرلاشلار ئېغىر بىلىنىپ.
تاڭ ئاتمىسا ، يەنە بۇ كېچە،
شەپىلەردىن سېنى ئوۋلىسام.
شۇ يېگانە خانەڭگە دىلبەر،
زەر نۇرلاردەك پىنھان تارىسام .

3

مۇڭلىنىۋەر، مۇڭلان بەك ئۇزاق،

ۋۇجۇدۇڭنى پاكلىسۇن سۇكۇت.
سۆيەلمىسۇن جىلۋەڭنى ھېچكىم،
ياش تۆكمە يار كېلىشىمنى كۇت.
رەستىلەردە يۈرمە خۇرسىنىپ،
باغاشلىسۇن ئارمانلار سېنى.
خىياللىرىڭ ئەيلىسۇن پەرۋاز،
ئۇنۇت بىر دەم دۇنيا غېمىنى.

4

قار ياغماقتا، ياغماقتا ئاق قار،
چۆمدى قىشلاق مەشرەپ كۈيىگە.
ھېچكىم سېلىپ قويمىدى قۇلاق،
مەن دەردمەنىنىڭ غەمناك ئۈنىگە.
ئاشىقلىق ئوت، ئاشىقلىق ئازاب،
سۆزلەپ تۇرسا مۇھەببەت تىلى.
ئاشىقلىق چۇش، ئاشىقلىق ھەسرەت،
ياڭرىمىسا سۆيگۈ مەرغۇلى.

5

شىلدىرلىغان سۇنىڭ ئۆركىشى،
سۆيۈپ ئۆتتى ئويچان تۇرقۇمنى.
سېغىندۇردى تاتلىق شۇ قەدەر،
شوخ شاماللار ئەركى خۇلقۇڭنى.
تارتتىڭ ئاخىر جاھىللىقىمنى،
بۇتناشلىرىڭ تولۇپ خىسلەتكە.

بەر ماڭىلا رەھنىمالىقنى،
ئۆمرۈم بېتى تولسۇن ھېكمەتكە.

6

كىرىپ قالدىڭ يەنە چۈشۈمگە،
پەرىشتىدەك قاناتلىق ئانا.
ئاھ، بېشىمنى سىلاپ ئولتۇرۇپ،
بەختىم ئۈچۈن قىلدىڭ كۆپ دۇئا؛
روھ تىلىدا يانار ھەقىقەت،
رەزىللىكتىن ھۈركىمە ئىنسان.
ھايات گويا چاقماقلىق دەمدۇر،
يۈزلىنىسەن ماماتقا پىنھان.

7

يېشىل چۈشلەر توقۇماقتا يول،
ئىرالارغا ئۇلاپ ئىرانى.
ياشاش بەخت ئەمەستۇر ئەسلى،
ئۆلۈم رەڭدار قىلار دۇنيانى.
بىھۇدىدۇر قايغۇرغان كۈنلەر،
سېلىپ باقساڭ ئازابقا گىرە.
قۇياش كۈلەر، ئەمما ئالەمنىڭ،
گىرۋەكلىرى چايقىلار خىرە.

8

تۆكۈلمەكتە ئۇيچان ئاي نۇرى،

يايلاقتىكى مىسكىن كەپەڭگە.
ھېچكىم سېلىپ قويمىدى قۇلاق،
چىغىرلاردا ئۇچقان شەپەڭگە.
ياۋا قۇشقاچ ئۇركۈگەن تامدا،
ئېسەدەيدۇ كەچمىشلىرىڭ ھەي.
تارىلىرى ئۈزۈك مۇڭلارنىڭ،
يادىچىنى ئىزدەر قومۇش نەي.

9

يوللار ئۈزۈك، تىۋىشلىرىڭ، ئاھ،
سىڭىپ كەتتى جىمجىتلىقىمغا.
ناخشا توۋلاپ ئۆتمىدى ھېچكىم،
جاڭگالدىكى مەھەللەم ئارا.
بىر ئوت كۆيەر ئىچىمدە ئۇلۇغ،
يۈرىكىمنى يەلپۈپ قوي كېلىپ.
ئۇچۇپ كەتتىڭ قۇش بولۇپ قايان؟
ۋاپاسىزلىق سازىنى چېلىپ.

10

ئاۋازىڭنى يوشۇرما جېنىم،
تىڭشىۋالسۇن تەبىئەت قېنىپ.
جىلۋىلەرگە تولسۇن كەڭ جاھان،
قۇشلار كۈلسۇن سازىنى چېلىپ.
چىغىرلاردا يۈرمە قىيغىتىپ،
يامان كۆزى تەگمىسۇن خەقنىڭ.

باغلىرىمدا ئېچىلغان چوغدەك،
ئۈچمەس گۈلۈم بولۇپ قال مېنىڭ.

11

ئاقۇچ توزان، توپىلىق يولدا،
غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ بىر چال.
نە ھۇزۇرى بولسۇن ھاياتنىڭ،
ئاڭا سۆيگۈ ئاچمىسا ئىقبال.
مۇزدەك سوغۇق تەنھا پىچىرلاش،
باقماس ساڭا، باقماي مۇلايىم.
يىغلىۋالغۇڭ كېلەر قانغۇچە ،
يالغۇز جىگدە تۇۋىدە دائىم .

12

يىراقلاردىن كېلەر بىر ئاۋاز،
تونۇشمايمىز ئىككىمىز بىراق.
جىگدىزاردىن باقمەن پىنهان،
خانەڭ تامان، يىقىلسا چىراغ.
ئاشىقىمەن كېچە – تۈنلەرنىڭ،
شۇ ئاۋازدىن مۇھەببەت ئىزدەپ.
قۇچاقلايمەن، ئوتتۇز سەككىز يىل،
كۈتكەن گۈلۈم ، ئىپپەتلىك قىز دەپ.

13

چۈشمەكتە زەڭگەر مۇزلۇقلار،

تومۇرۇمنىڭ ھارارىتىنى.
كۆيلىنىۋال چەكسىز باياۋان،
ئاتا قىلاي ناۋالىرىمنى.
ئېچىرقاشلار ئوتلۇق شۇ قەدەر،
تەلپۈنۈشنى قىلىدۇ چۇچۇل.
يول، يولۇڭدا بېكەت بولىمەن،
سەن قەلبىمدە يول بولۇپ تۇيۇل.

14

پەرۋازىنى ئۈنتۇغان قۇشلار،
مۈگدەيدۇ شاخلاردا، يەردە.
تىنىقلىرى كۆيەر ئاخشامنىڭ،
خورەك ئاڭا تارتىلغان پەردە.
شەپە بەرگەن شىۋىرلاش ئەسلى،
شەيتانلارنىڭ ھىيلىسى بىلسەڭ.
قەدىرلىكسەن بولغاچ ۋەتەنداش،
پەردىلەرنى يىرتىشنى بىلسەڭ .

15

سۆكۈتلەرنى باغاشلاپ ياتقان،
مۇھەببەتتۇر ئۆچمەس ئەسلىدە.
يىرتىلماقتا تەقدىر دەپتىرى،
سۆيۈلۈشنىڭ گۈزەل پەسلىدە.
ۋىسال نېمە، بەخت نېمە ئۇ؟
مەنزىللەرگە قىلىپ باق سەپەر.

غەلىيانلاردىن تاپقىن ئۆزۈڭنى،
تاكى ئۇتۇق قازانغان قەدەر.

16

رۇجەكلەرنىڭ ئىمتاسلىقىغا،
گويا نۇردەك يىلىنجاپ ئاقتىم.
سەندىن جۇدا سەرسان روھىڭغا،
روھلىرىمنى ئىنتىزار ياقتىم.
كۆيدى سەھەر، كۆيمەكتە دۇنيا،
رىۋايەتكە ئايلىنار ھەممە.
چۇشىسەممۇ بۈيۈك سەلتەنەت،
شاھىنشاھىم پەقەتلا سەنلا.

17

شوخ دولقۇنلۇق كۈيلەر ئەۋجىدە،
يوقتۇر پەقەت سىنىڭ نىگاھىڭ.
كىملەر ئۇچۇن بولغاندۇر ئولجا؟
سۆيۈلۈشكە ئامراق دىدارىڭ.
يىنىۋاتقان تىۋىشلىرىڭنى،
پۈۋلىمەكتە مۇساپىر شامال.
كەچمىشىڭگە بولماقتا شاھىد،
ئەپسۇن - دۇرۇت ئوقۇغان زاۋال.

18

ئىمتاسلىقىڭ يەتكۈزگەن خەۋەر،

غەشلىكلەرنى قىلماقتا مالال.
غەلىبىسىگە ئاچماقتا كۆرەك،
ھۆكۈمرانغا ئايلانغان ئايال.
ساداسىدا بىچارە ھالەت،
يۈرەر بۇندا مەنزىللەر ئىزىپ.
ئىچىشمامدۇ باغرىم مېنىڭكى،
يۈتسەڭ گويا توزغاقتەك تىزىپ.

19

ئەسلىمىدۇر يوقالغان جىلۋەڭ،
نىگاھلارغا مۆكۈنگەن جاھان.
ئىشىكىڭدە تۇرار بۇقۇلداپ،
ۋىسال ئىزدەپ بىچارە ھامان.
ھىجران تۇغۇپ ئۆلگەن كۈلكەڭنىڭ،
قاتلىرىدا تىپىرلار قىسمەت.
يوللىرىڭنى ئىچىۋەت جىنىم،
مەن بىرىمەن ئاداقى لەززەت.

20

ئۆچۈپ كەتسۇن غەملەرنىڭ بارى،
كۈلگىن قىنىپ، كۈلگىن چىرايلىق.
جىلۋىلىنىپ كۆرۈنسۇن يوللار،
ھەر قەدەمدە كۈلۈپ ۋىسال جىق.
كىچىلەرگە قالمىسۇن ئازاب،
كۆرۈنمىسۇن ياش يۇقى سەندە.

ئۆتۈۋەرگەچ ئۇنتۇلماق ۋاجىپ
ھەم ۋىسالدۇر ھەر تۈيغۇ كەلسە.

21

تەن ـ روھىدىن تاپالماي سۆيگۈ،
تىپىرلىغان تىنىمسىز كىم ئۇ؟
دالالاردا ياقالماي گۈلخان،
تىترەپ تۇرۇپ ئۆكسىگەن دىلمۇ.
باياۋاننىڭ سىرى بەك تولا،
ئاچماق بولساڭ يۈرىكىڭ يارا.
ئۆمەللىگىڭ كىلەر لىۋىڭنى،
ئۇھسىنغاندا چىقار دۇت – لاۋا.

22

چىرايلاردا يوق پەقەت كۈلكە،
تەلۋىلەرچە جالاقلار ئۇسسۇل.
تاھارەتسىز، مەينەت مەست كىشى،
كىرىپ كىتەر مەسچىتكە ئۇدۇل.
تەسۋى سىرىپ تۇرغان جان ئانا،
ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئوقۇپ قوي دۇرۇت .
جىلۋىلەنسۇن دۇنيا تىخىمۇ ،
نۇرلىرىدا چاقنىسۇن ھايات.

23

ئاھ، بوز تورغاي ئۇنلىگەن تاڭدا،
سىياقىڭنى ئەيلىدىم خىيال.
ساباللارغا يالقۇرۇپ ھالسىز،
جىلغىلاردىن ئاختۇردۇم زىلال.
كۈتۈش قىيىن، ئېغىر شۇ قەدەر،
ھار كېلىدۇ ھەتتا ئۇخلاشمۇ.
ئۆز ھالىمدىن ئۆزۈم ھەيرانمەن،
بىلەلمەيمەن قېيداش، خۇيلاشمۇ؟

24

ئون سەككىز قىش، ئون سەككىز باھار،
بولۇپ قالدى بىزگە ئەسلىمە.
يۇمۇلمىغان كۆزلىرىڭ سىڭلىم،
ئويۇپ قالدى ئانام قەلبىدە.
كىم ئېيتىدۇ ئازاب تاتلىق دەپ،
قايغۇ بىلمەس بولۇپ قالسامچۇ.
ئېچىشمايتتى باغرىم ئازراقمۇ،
تىكەنلەرگە دەسسەپ ماڭسامۇ.

2008 ـ يىلى

# شەپەق ۋە شەبنەم

1

چۈش كۆرمەيمۇ ئاتتى يەنە تاڭ،
تىڭشىمىدىم خوراز ئۈنىنى.
ھېيتگاھتا تۇنگەن يېتىم،
تىلەپ يېدى بىر ۋاق ئېشىنى.
تار كوچىدىن ئۆتكەن جۇۋاننىڭ،
سىر يانىدۇ چۈمپىلى ئىچرە.
ئۈپۈقلاردىن سىرغىغان تارىخ،
سىڭىپ بارار نۇرلارغا خىرە.

2

يۇلتۇزلارنى ئوينار باللار،
شولىسىغا مىنىپ كېچىنىڭ.
تۇخۇسىنى قوغلار تۇل موماي،
شۇ توخۇسى ھەممىسى ئۈنىڭ.
گۈل كۆتۈرۈپ غەمخانە بوۋاي،
كەپىلەرنى كەلمەكتە سۆيۈپ.
ئۇ قۇچىدۇ ئۆمۈرلۈك ۋىسال،
موماي چىقىپ باققاندا كۈلۈپ.

3

ئۈنتۈپ باق دەملىك غەملەرنى،
ھايات تاتلىق، دۇنيا شۇنچە تىنچ.
ئۈمىدۋارلىق بولسۇن قانىتىڭ،
بۇ ئۆمۈرنىڭ شادلىقىنى ئىچ.
تۇنۇگۇنكى ئەسلىگىنى ئويلا،
ھەم ئۆزۈڭگە بولۇپ قالما يات.
روھ ـ جىسمىڭنى تاۋلا نۇرلاردا،
كەڭ جاھانغا مۇھەببەت تارات.

4

بۇ يىل قىشتا ياغمىدى ھېچ قار،
قارلىق تاشلاي دېسەم ئۆيۈڭگە.
ئۆتالمىدىم كۆڭلۈڭنى بىر رەت،
ئېچىنىمەن ئۆتكەن كۈنۈمگە.
يات بىر بەدەن قالسا سۈركىلىپ،
سەنغۇ دەيمەن، ئەمەستۇر جىلۋەڭ.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن بولدۇم ناخشىبەند،
مۇڭلىرىمنى تىڭشىغىن ئەركەم.

5

شۇنچە ئۈزۈن چالغان سازلىرىڭ،
ئالالمىدى غەمناك كۆڭلۈمنى.

ئىللىمىدى مۇزلىغان قەلبىم،
سېغىنىمىدىڭ ئەركى خۇلقىمنى.
جىگدە تۈۋى تىمتاس شۇ قەدەر،
ئاھ، ياتلاشتۇق باقماي بىر قېتىپ.
پىچىرلايمەن قومۇشلۇقلارغا،
گاھ قالغاندا سېنى سېغىنىپ.

6

سەن تۇۋلىماي ئۆچكەن ناخشىلار،
خىلۋەتلەردە ئاچماقتا ھازا.
چالا كۆيگەن تارىخ بەتلىرى،
تۇتاشتۇرار دىللارغا لاۋا.
تومۇرىدا ئانا تارىمنىڭ،
دەريا ـ دەريا سۆيگۈ ئاقىدۇ.
ئىچىمدە مىڭ ئاشىقانە دەرد،
جىلۋەڭ مېنى نۇرلاندۇرىدۇ.

7

تىمتاس ھايات، ئىزگۈ ئارمانلار،
ۋۇجۇدۇمدا ئەيلەيدۇ پەرۋاز.
قانات قىلار تەلپۈنۈشۈمنى،
يىراقلاردىن ئاڭلانغان ئاۋاز.
يۈرىكىمنى ئۆتكەن سەگىتىپ،
سېنىڭ مەيىن شامىلىڭ بىلدىم.

دىدارىڭغا قانماقنى دىلبەر،
ھاياتىمنىڭ مەرغۇلى قىلدىم.

8

قايناق بازار، نىگارىم نەدە؟
ئادەملەرمۇ ياتتۇر ئۆزىگە.
بەختىيارلىق سېزەر مىسكىنلەر،
بىر مەدداھنىڭ چۆكۈپ سۆزىگە.
رۇجەكلىرى قارا ئۆڭكۈرنىڭ،
غۇۋا نۇردا يورۇيدۇ ئاستا.
مۇھەببەتتە يانغان شائىرنىڭ،
يۈرەكلىرى توزۇيدۇ ئاستا.

9

يوقلاپ بېرىپ قەبرەڭگە ئانا،
يىغلىۋالدىم راسا قانغۇچە.
مېھرىڭ تامغان كەچمىشلىرىڭنى،
زىكرى قىلدىم تاكى تاڭغىچە.
مەھەللىلەرنى سۆيدۇم باغاشلاپ،
ئىزلىرىڭنى بار دەپ يوللاردا.
بولدۇم شائىر، سىماھلىرىڭنى،
چاقنىتىمەن مىسرالىرىمدا.

10

ياشاش بەخت، ئۆلۈمدۇر دەھشەت،

شۇم خەۋەردىن يېرىلدى دىلىم.
ياشىناۋاتقان ئوتتۇز باھارىڭ،
تۇپراقلارغا قېتىلدى ئىنىم.
خۇشلۇقىمنى تىڭشايدۇ كىملەر
دەردلىرىمگە بولۇر كىم دەرمان؟!
ئانام تۇغۇپ بەرگەندەك سېنى،
تۇغماس ئەمدى ھېچقانداق ئىنسان.

11

كونا تامدا قۇچقاچلار مىسكىن،
ئۇۋىسىنى قويغان يۇتتۇرۇپ.
كىرىپ كەتتى يەنە شۇ موماي،
كەپىسىگە قېتىق كۆتۈرۈپ.
بوۋام ئېيتقان ناخشىلار تولا،
سۇ ياقىلاپ كېچىلەر ئارا.
چۈش قوينىدىن تۇردۇم سىلكىنىپ،
خوراز ئۈنى ياڭراش بىلەنلا.

12

ئاۋازىمىز يەتكەن جايلاردا،
تۆكۈلىدۇ ئىشق كۈيىمىز.
ياشنىتىدۇ سۆيگۈ گۈلىنى،
مېھرىمىزدىن تامغان سۆيىمىز.
ۋۇجۇدىمىز كۆلكە بولىقى،
يەنە كىمگە قاراپ كۈلىمىز؟
تاپالايمىز مەڭگۈلۈك ۋىسال،

مۇھەببەتنى كۆرسە كۆزىمىز.

13

تونۇشقانتۇق باھار پەسلىدە،
سەن باغلارنى يۇرگەندە ئەگىپ.
كەپتەرلەرگە تاشلىغانتۇق دان،
يۇرۇشمىگەن تالىشىپ، تەگىپ.
تۇگىمىگەن پىچىرلىشىمىز،
قۇياش كۇلۇپ باققۇچە سەھەر.
ئىسەدەيمىز ئەمدى يىل - يىللاپ،
كۆزلىرىمىز ئۇچراشقاندا ھەر.

14

مېنى تولۋلاپ پۇتكەن ئاۋازىڭ،
قىلالمىدى ياتلارنى خۇشال.
ئەھۋالىڭنى يەتكۇزەر ماڭا،
سۇبھى، تاڭدىن سۇرۇلگەن شامال.
تورغايلارغا ئۆگەتكەن ناخشام،
ياڭراپ تۇرسۇن دائىم بېغىڭدا.
گۇزەللىكنىڭ جىلۋىسى قايتا،
ئۆركەشلىسۇن تومۇرلىرىڭدا.

15

باخاشلىۋال قۇم ئېرىقلارنى،

باللىقنىڭ تارتىدۇ ھىد.
كىچىككىنە كىچىپ سۆيگۈنۈڭ،
بىر خۇشاللىق تاپالمىدىڭ ھىچ.
باق دالادا ئۇچۇرۇپ لەگلەك،
قاناتلانسۇن تۇنجۇققان جىلۋەڭ.
ئىھ، مىھرىڭدىن نۇرلانسۇن جاھان،
داۋا تاپسۇن ئاشىقلار كۆلسەڭ.

16

ئىھ، مەھەللەم، تىلسىملىق يوللار،
كەچمىشلىرى سەندە ئانامنىڭ.
ھەربىر تىنىق، ھەربىر ئۇنۇڭدە،
ئارمىنى بار تەكلىماكاننىڭ.
قومۇشلۇقلار ئىيتىدۇ ناخشا،
شاماللاردا چىقىرىپ قىلىق.
ئىرىقىڭدا ئۈزسەم پىلتىڭلاپ،
بولۇپ مەڭگۈ پەرۋاسىز بىلىق.

17

كەپتەرلىرىم تۇرۇڭلار ئۈنلەپ،
كۆۋۈك قىلىپ بىرەي بىغىمنى.
خوش دىيەلمەي قالدىم، يارىمغا،
يەتكۈزۈڭلار سالام سازىمنى.
بىھۇدىدۇر ياش تۆكۈش، خۇيلاش،

ياشاشنىڭمۇ باردۇر بىر يولى.
ساداقەتنىڭ ئۆچمىسە نۇرى،
قۇچاقلايمەن ئۇنى بىر كۈنى.

18

گۈزەل تاغلار، كوچا چىرىغى،
پىلىلدايدۇ شۇنچىلىك خىرە.
چىقار «شەيتان» دىسكوخانىدىن،
قىز ـ ئوغۇللار سىلىشىپ گىرە.
ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئەزان ئاۋازى،
ئاڭلىنىدۇ يېقىنىدىن غۇۋا.
تۇمان باسقان سايدا تاش ئادەم،
چۆرگىلەيدۇ پەلەكتەك گويا.

19

قالدى قىشلاق، قالدى ئارمانلار،
مېھرى ئوتلۇق كەپىلەرمۇ ھەم.
خۇيلانمىغىن، چەكمە ئىزتىراپ،
مەھەللەڭدىن مەڭگۈلۈك كەتسەم.
بويناقلىرىم بەزلىسۇن سېنى،
دەمدەرلىرىم ھارمىسۇن ئۇنلەپ.
ئېسىۋالغىن بوينۇڭغا تۇمار ،
ئېھ، ئۆزگىلەر يۇرمىسۇن سۆزلەپ.

20

بىر ناخشىنى غىڭشىيمەن تەكرار،
تىۋىشىڭغا ئەگىشىپ پىنھان.
ساڭا ئۈنسىز كۆيۈپ يۈرگۈنۈم،
بولۇپ قالسا چۈشۈم يا يالغان.
ئۆزگىلەرنىڭ بېقىشى رەڭدار،
بىلىنىدۇ شۇنچىلىك سوغۇق.
قىسالمىدىم چېكەڭگە گۈللەر،
بىر ساڭىلا كۆيگەن تۇرۇقلۇق.

2008 ـ يىلى

# ئاشقلىق پەلسەپىسى

1

شۇ تۇغراقتا مىڭ يىللار سىرى،
بولۇپ غازاڭ گاھ تۆكۈلەرمەن.
يىرتىلىدۇ قەبرىدىن كېپەن،
تىتىلىپ يىپ سۆكۈلەرمەن.
بۇ دەقىقە ئالىپ ئەرتۇڭا،
مەستخۇشلۇقنى قىلىدۇ ئەيىام.
ھالىم خاراب ھىجرانلىق يولدا
قەلبىم مەيدۇر، قېنى سەن ھەيىام؟

2

يارنىڭ گۈلى بولسا ناۋادا،
قىلماس ئىدىم شاھلىققا ھەۋەس.
ئۇ مۇغەمبەر تۇلكە مىجەزلىك،
ئىگىلىگەن جانىمنى پەۋەس.
مەن ئەشرەبى، ئۇ زەينەپ كەبى،
ئاشىق بولۇپ سايراپ كېتەرمەن.
بەختىيارلىق مۈلكۈم ئەزەلدىن،
بەھرى رەڭدەك پارلاپ كېتەرمەن.

3

ئاشقلىقتا ئىمتىھان ئىككى:
بىرى باغۋەن بولماق باغىڭغا.

بىرى قاقشال بولسا كۆيمەكتىن،
باغ پەرۋىشلەپ بەرمەك يارىڭغا.
گۇل يارىنى چۇرۇقلاپ قۇشقاچ،
يېڭى باغنى ئىزدەيدۇ پاسىق.
شۇڭا باغلار ئۇركۇپ تۇرىدۇ،
تەقدىرىگە قەبرىستان لايىق.
تاشلىنىدۇ ئالدىڭغا ئەپسۇس،
ساينى باغقا ئايلاندۇر ئۆزۈڭ.
ئېھ، ئاشىقلىق ئىلاھ سۇپەتتۇر،
پەيغەمبەرلىك سېنىڭ زەر نۇرۇڭ.

4

پاختەكلىنىڭ[1] شاللىقلىرىدا،
مۇگدەيدۇ مىڭ يىللىق يىلان.
لاۋا ئاتار ئىشق پەيمانى،
ئۇ سالمىغان ھېچكىمگە زىيان.
پاختەكلىدىن پەيزاۋات تامان،
بەش دەريانى بويلار پاختەكلەر.
قوش ئامەتلىك ئاشىق پەرىشتە،
مۇراد تاپار يۇقاپ ئاپەتلەر.
خۇمارىدا بەخت شارابى،
تەكلىماكان كەڭرى چامىدۇر.
پاختەكلەرنىڭ نەغمىسى ئاتەش،
خۇشلۇقىدا بەخت ئاياندۇر.

5

ئەڭ قەدىمكى ئوغۇزنامىدىن،

تۈنجى ئۈچقۈن – نورۇز ئاشىدىن.
ياشاپ كەلگەن مېھرىبان روھسەن،
يەر، سۈدىكى نورۇز كانىدىن.
سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبكارىسەن،
ئۈتۈقلارنىڭ باش پاناھىسەن.
ئۈشبۇ ئۇلۇغ ئىسمى ئەزەمنى،
پۈتكەنلەرنىڭ نەسەپكانىسەن.
زىيا بولۇپ چېچىلماق تەقدىر،
رىيا قىلما، يىغلىماق تەدبىر.
ئەنئەنىلەر كاتەكچىسىدە،
سۈپسۈزۈك بوپ سەنلا كۆرۈنەر.

6

ئاشىق بولدۇم سەۋەبنى بىلمەي،
يار بولۇپتۇ ئۆزگىلەرگە يار.
توۋا قىلاي سەۋەبلەر ئۈچۈن،
ئاتاۋېرەي ئۆزۈمنى مىڭ يار.
ئىزدەۋېرەي ئىشق، ئىلمنى،
تالىپلىقتىن ئاشىقلىق قەدەر.
پاتقاقتىكى تاشنى ئاي نۇرى،
لاچىن قىلسۇن رازىلىق قەدەر.
ئاينى كۆرسە ئۇيقۇدىن لاچىن،
ئويغىنىپلا ئۇچماق ئىزلىسۇن.
خۇددى لەگلەك يىپى تارتىلىپ،
ئۆزگىلەرگە نەزەر قىلمىسۇن.

2012 – يىلى

# تەسەللى ۋە تەجەللى

1

ئىشق ئۇچۇن زامان چېگراسىز،
ئىشق دېڭىز، ئەمەستۇر ھەۋەس.
ۋىسال ئەزەم كارۋانلىرىغا،
ھېرىس قۇيۇن ئەگەشكەن ئەمەس.
ئۇزۇپ كېلەر بۇلۇت ئىچرە ئاي،
يەر، سۇدىكى «ھىدروگېن» بولۇپ.
جان نېمىشقا ياشايدۇ دېسەڭ،
روھ نۇرلىنار مېھرگە تولۇپ.

2

نەسىردىنىنىڭ مەشرەپ تېنىگە،
مۇھىم ئەمەس كەشىشەپلىك كىيىم.
فۇرقەت بولۇپ تۇرار ھەر سەھەر،
بىرلا كىيىم تەڭرىلىك سېزىم.
سەھەردىكى ئەھمەد بولىسەن،
قاراڭغۇ تۇن قارا بىر كىيىم.
بۇ ھېكمەتنى ئۇنۇتساڭ ئەگەر،
قاپلىنىدۇ ئەخمەقلىق كىيىم.
يار كېلىدۇ، جانراھ كېتىدۇ،
كەلمەك، كەتمەك شەپقەتلىك سېزىم.

ئۆلۈمگە جەم ھەممە كۆيۈملەر،
بىلەلىسەڭ رەھمەتلىك بىلىم.
ئەھمەد دېمەك تەڭرىدىن شەپقەت،
ئەھمەد دېمەك بەندىگە رەھمەت.
«ت» خېتىدە ئىككى چېكىتتەك،
ئىككى بەشتىن دەۋرگە رەپقەت.

3

بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كۈچۈنۈپ،
كېزىپ يۇردۇم مەكتەپتىن مەكتەپ.
ئالدامچىلىق كۈھىقاپىدىن،
چىقىۋەردىم ئەسنەكتىن ئەسنەپ.
قوغلىۋەتتى مۇئەللىم مېنى،
كۈتۈۋالدى يەنە تەبىئەت.
خىزىر چىقىپ مۇڭ زارلىرىمدىن،
دېدى سەندە ئىشقى ھەقىقەت.
تەشنا ئىدىم ئاتا ـ ئانامدەك،
ھەقىقەتنى بىلدۇرگۈچىگە.
ئېزىتقۇغا قىلماستىن پىسەنت،
مېغىزنى يىگۈزگۈچىگە.

4

گاھى شۇنداق مۇغەمبەر ئىنسان،
كۆمۈلىدۇ ئۈچكىدەك جەسەت.
ئۈچكە چىرىپ قىغ بولسا، مېغىز ـ

بىخلىنىدۇ ــ كۆكلەيدۇ ھەيۋەت.
دېمەك ئەجداد يوشۇرغان سىرلار،
ئېچىلىدۇ ئەۋلاد تېنىدە.
جاپا، جازا قالمىسۇن دېسەڭ،
يوشۇرمىغىن ئۇچكە ئىچىگە.

5

تىزىق مېغىز ئىنسانىي چەمبەر،
ئۇچالايدۇ ئۇ تۆت قەۋەت جانلىق.
يەر، سۇ ئوقۇر، ئوتخور ۋە گۆشخور،
سەن بەشىنچى بىر چېكىت چاغلىق.
شۇنچىلىكتۇر ھايات، ھەقىقەت،
«ھەپتىيەك»تىن بىلىشىڭ مۇمكىن.
ئەپسۇسكى سەن يىگىرمە يىللاپ،
بىر قاپ ئۇچكە يىغىشىڭ مۇمكىن.
مېھرىبانلىق سېنىڭدىن ئەمەس،
بىر زەررىدىن بولمايسەن مەھرۇم.
دەپ بەرسەڭلا قۇياشتىن مىسال،
ھازىر سەنلا جەننىتى بەھرۇم.

6

يار كۆيمىسە كېرەك يوق، كۆيەي،
كۆيگىنىمنى تەڭرى بىلسە بەس.
سەزگۈم بىلەن بىر دەستە گۈلنى،
قاراڭغۇدا تىزالىسام بەس.

كۆرۈنۈشكە سەۋەبتۇر نېمە؟
سەزگۈم نۇرى ياكى ئەتىرگۈل.
ئۆز ئەسلىمنى كۆرەي دېسە گۈل،
ئاشۇ نۇرغا تەلمۈرسە مەقبۇل.

7

ئۆزلۈك مەستخۇش ئۆز كۈيى بىلەن،
ئويلاپ باقماس بەختى سەۋەبنى.
دەرەخ تاشلار ياپراقلىرىنى،
بىلگەچ كەلگەن نەجەپلىرىنى.
«ئۆزلۈك»لەرنىڭ خاتاسى ئىككى،
تەقدىر پۈتكەن جاپاسى ئىككى.
بىرى «دۆتلۈك» سىرىنى بىلمەس،
بىرى ئۆملۈك ئاراسى زىتكى.
تەقدىرىڭدە ئون قەۋەت چەمبەر،
گاھ يوغىناپ، گاھى كىچىكلەر.
«ئۆگلۈك» بىر قۇش، سىزىقلار ئارا،
ئوتنى چېكىت قىپ مىڭ بىلىكلەر.
«ۋە» بولمايدۇ چەمبەرگە مەرگەز،
مەشرەپ ئىككى چېكىت ئەشرەپ ئۇ.
ئۇنىڭ ئۈچۈن يوق يەردە تاغ، ھاڭ،
يايلاقتىكى چىمەن زەررەت ئۇ.

8

مەن جېنىمنى ئايدا كۆرگەندە،

يار يېتىپتۇ ئۆيقۇدا لايدەك.
دېرىزىدىن كىرەي شولىدەك،
چىرىغىغا قۇيۇلغان مايدەك.
ئويغانغاندا كىرپىكلىرىدە،
پاش بولىدۇ مېنىڭ ئوبرازىم.
ئايغا قاراپ تۇرغان چېغىمدا،
بوغۇزلانغان بولار قوچقارىم.
تەشنا بولۇپ بارىمەن مەخپىي،
باغلىنىمەن كىرەر مىنگۈسى كەلسە،
بۇنى بىلمەس بېشىمدۇر تاشتەك.

9

گەر يامانلىق بولسا بىر بولقا،
ياۋاشلىقنى چاغلايدۇ سەندەل.
قاڭقىپ كېتەر بولقا ئۈستىگە،
يەرگە بەكرەك پاتىدۇ سەندەل.
سەندەل يوغان، بولقا كىچىكتۇر،
سەۋر - چىدام تەمكىنلىكىدىن.
بەختىڭ ئايان بولۇر چىمىرلاپ،
زەررە نۇرنىڭ يورۇقلۇقىدىن.
ۋاپا بىلەن كەيپ ساپانىڭ،
بەرىكىتىنى شۇنىڭدىن كۆرگىن.
جاپا چېكىپ تۇپراق بولغۇچە،
ئۇرۇق نەدە ئۈسەرنى كۆرگىن.

10

ھەيۋەت ئېتىمز ھەر تاڭ، ھەر سەھەر،

مايسىلارنىڭ ئۈچىدا شەبنەم.
چاقناپ تۇرغان مىليونلاپ جەۋھەر،
بولغانىدى ئالماسلىق غەزنەم.
بايلىق دېسەم مىليادىر هازىر،
بولۇپ قالار ئالدىمدا نامرات.
بۇ دەقىقنى ئاسترونوملارغا،
بىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن ھېسابات.
ئالتۇن، ئالماس بولمىسا ئەگەر،
پادىشاھنىڭ پۇلدەك قورالى.
ئۇ سايدىكى شېغىل تاش ئىدى،
ئېسىل قىلغان روھنىڭ خۇمارى.
شەبنەم بېرەر مايسىلارغا جان،
نۇرلىرىدىن بولۇر ماڭا جان.
ئالتۇن بولماس بۇغدايچىلىك نان،
ئەزرائىلدەك ئالار ھەتتا جان.
ھەر سەھەردە شەبنەملىك خاس ھال،
سەزدۇرگۈسى خانلىق غۇرۇرى.
ئۇ بەدەلسىز، جېدەلسىز بايلىق،
ئالتۇن ئەسلىي ساقلىق ھۇزۇرى.

11

ياشاش، خىزمەت ئېھتىياجىدىن،
نۇرغۇن ئامراق يارلار ئايرىلدى.
ھايات ـ بولقا، مۇھەببەت ـ مارجان،
تاشتىن قۇمغا جانلار ئايرىلدى.

ئېھ، ھىجرانلىق قوملۇققا قارا،
قۇياش بىلەن چاقنار جەۋھەرلەر.
مۇھەببەتتە كۆيگەنلىرىڭنى،
كۆرسەتكۈسى ئاشۇ رەڭ زەرلەر.
يىرتىش مۇمكىن بەتنى كىتابتىن،
يىرتىلمايدۇ كۈنلەر ھاياتتىن.
زەن سېلىپ باق ئازابلىرىڭغا،
ئىلھام كېلەر ئىشق، ساۋابتىن.
غەنىيمەتتۇر كۆيگەن ھارارەت،
يۇلتۇزلاردەك ئالەمگە زىننەت.
ھىجراندا بار يەنە بىر ئىسىم،
رىزۋان دېگەن ئادەمگە نىسپەت.
ۋاپا - قۇياش، ئۆتەر يۇلتۇزلار،
يىراقلاردا ھەربىرى قۇياش.
كۆيگەنلىرىڭ بولۇر ئالەمگە،
گۈزەللىكچۈن بىر يۇلتۇز قوشۇش.
ئول پەيلىڭدىن زامان ھەممىگە،
ئەجەب ئەمەس كەلسە مۇھەببەت.
ھاياتلىقنى قۇرسا مارجانلار،
تىزمىسىدىن پۈتەر ھەم زەررەت.
ھاجىملىقنىڭ بۇرچى بار ئىدى،
مۇھەببەتنىڭ ئاشىقلىقىغا.
تىرىكلىكنىڭ رىسقى، نېسىۋى،
ئىشق بىلەن باغلىقلىقىغا.

2012 - يىلى

# سۈدىكى قاغجىراش

1

ئۈزۈك يوللار، سىنىك مەھەللەڭ،
ئوخشاپ كېتەر مەھەللەمگە بەك.
تۈيۈلىدۇ يىغاڭمۇ تاتلىق،
كۆلكەڭ گويا نۇر ئۆركىشىدەك.
قۇم ئېرىقلار كەچمىشلىرىڭدۇر،
رىيازىتىڭ قۇملاردەك تولا.
سىڭىپ كېتەي نەپەسلىرىڭگە،
شولىلاردەك مەۋھۇم ۋە ئاستا.

2

چۈش كۆرىدۇ بىر جۈپ سۇۋادان،
تەشنالىقىنىڭ باغرىدا ئۇخلاپ.
غازاڭلىرى تۆكۈلگەن تامام،
ھەتتا قويماس شامالLار يوقلاپ.
قېنى تۇپراق بەرگەن سۆيگۈلەر؟
قېنى سۈزۈك ھاۋا ۋە سۇلار؟!
تەۋرەر ئالەم قۇرغاقچىلىقتا،
ئىپ مۇھەببەت مېھرلەرگە زار.

3

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا بىر چاغ،
كەيپىلىكتە تۇنگەن بىر كەچ.

نەم قوملارغا يېقىپ باغرىمنى،
دەمدەرلەردەك ئۇنلىگەن بىر كەچ.
ئېھ جىمجىتلىق ئەللەيلەپ لەرزان،
خىياللاردا تەۋرەتكەن مېنى.
ۋاز كەچمەكچى بولىمەن، ئەمما،
ئۇنتالمايمەن تەبەسسۇمىڭنى.

4

پۇراقسىز كەن دېدى بەزىلەر،
گۇل پۇراشقا كىرسەم بېغىڭغا.
يۇرىكىڭنى تىڭشىدىم چوڭقۇر،
چۆكۈپ ئوتلۇق دىماقلىرىڭغا.
ئاھ، نېمە تەڭ ئىشق ـ سەۋداغا،
ئىچىمدىدۇر ئالەمچە كۆيۈك.
مەيلى نېمە دېسۇن باشقىلار،
مەن ئۇچۇن سەن مەڭگۈ سۆيۈملۈك.

5

يالىڭاچلا چىقتىم كوچىغا،
جاكارلىماق بولۇپ ئۆزۈمنى.
چىن ئادەم مەن دېدىم ۋارقىراپ،
ئاڭلىمىدى ھېچكىم سۆزۈمنى.
كۆرەلمىدى ھېچبىر كۆز لايىق،
مەن ئۆزۈمگە تونۇشلۇق ئىنسان،
تونۇمىساڭ مەيلى سەنمۇ ھەم،
ئارمىنىمدا مۇھەببەت ئايان،
سەن ياسىغان دارىڭدا ئۆلسەم.

6

پېشانەمنى تۇرغان غىرىچلاپ،
سىنىڭ قولۇڭ بىلدىم ئاخىرى.
سىڭىپ كەتتىم شوللار ئارا،
مەن ئۆزۈمدىن بەزگەن ئاخشىمى.
تاڭدا چىللاپ يىتتى خورازلار،
قىز ئۇيقۇدا تولغىنار يەنە.
چۈشلىرىڭنى ياماپ ئاۋارە —
بولما ئاپتاپ چىقتى تۇرغىنە!

7

سۈزۈك ئاۋاز كېلەر يېقىنلاپ،
يۈرىكىمگە ئوت ئېچىپ بىرى.
تەگسىز ھاڭغا تاشلىنار ئويۇم،
جىمىرلايدۇ مىڭ يىللار سىرى.
شاخلىرىدا قاپاق تىرەكنىڭ،
يېلىنجايدۇ سېغىنىش ھامان.
جىلۋىسىدىن كونا شەھەرنىڭ،
نۇر ئەمەكتە پايانسىز جاھان.

8

رەڭدار جىلۋە، خۇمارلىق كۆزلەر،
سەنچۇن ئاشىق ئاتالدىم ئاخىر.
شۇنچە ئادەم ئىچىدىن ئىزدەپ،
تاپالمىدىم كۆلكەڭنى ياپىر.
بېسىقمايدۇ ئاغزى مەدداھنىڭ،

كەلمىشىنى سۆزلەپ بىرىنىڭ.
يايراپ كەتتى يانچۇقچى بالا،
پۇللىرىنى كۆزلەپ بىرىنىڭ.

9

مەن ئۆزۈمنى ئىزدەۋاتىمەن،
روھلىرىمنى تىكمۇۋاتىمەن.
گاھى بوغۇق، گاھىدا ئۇزۇك،
ناخشىلارنى ئېيتىۋاتىمەن.
بوۋام ماڭغان يوللارنى بويلاپ،
تەنها، ئۈنسىز كېتىۋاتىمەن.
خام خىيالنىڭ پاتقاقلىرىغا،
ۋىسال تاپماي پېتىۋاتىمەن.
گۈل ئايازنىڭ قاقىرلىرىدەك،
قەلبلەردىن كۆچۈۋاتىمەن.
مۇھەببەتقۇ پەۋەس قەلبىمدە،
بىراق، تىلسىز ئۆتۈۋاتىمەن.
جىنىم تاڭدا كەتكەنتىڭ ئۇزاپ،
ئاشۇ تاڭدا كۈتۈۋاتىمەن.

10

تىۋىشىڭنى چىقارما جىنىم،
يامان كۆزلەر يۇرمىسۇن پايلاپ.
ئولتۇرمىغىن جىگدە تۈۋىدە،
شوخ شاماللار كەلمىسۇن يوقلاپ!
مەن سۆيۈملۈك ئاشىقىڭ سېنىڭ،
سىڭىۋاتقان نەپەسلىرىڭگە.

سولاپ قويغىن شىردەك سۆيگۈمنى،
قەلبىڭدىكى قەپەزلىرىڭگە.

11

دېرىزەمدىن مارىلايدۇ ئاي،
قىزغىنىشتا تۆكۈلگەن نۇرى.
ھاياجاندا تولغىنار كارىۋات،
ئاق نۇر مېنى چۇلغىغانسېرى.
شۇڭغۇپ كىرىپ يوتقىنىم ئىچىدە،
تىنىپ ياتقان سەن ئەمەس چوقۇم.
شۇنچە مۇزلۇق تەنھالىق دېگەن،
بىرى يىغلار تالادا يۇم - يۇم.

12

يۇمشاق ئاۋاز، سېنى ئويلىدىم،
سېغىنىشنىڭ روجەكلىرىدىن.
سىرغىپ چۈشتى ئىككى تامچە قان،
يۈرىكىمنىڭ بېغىشلىرىدىن.
ئايدىڭ ئىدى تەلەپ قويغاندا،
سەن بوينۇمغا ئېسىلغاندا خۇش.
بەختلىكتۇق ئۇ چاغ، ئۇ دەملەر،
نېچۈن يەنە توختىماس ئۆكسۈش؟

13

جىمجىتلىقنىڭ كىرپىكلىرى نەم،
ئارامىلارنى بۇزار ھەر خىيال.

دەريا بويى، ئەزدى باغرىمنى،
دۇتار چېلىپ ئولتۇرغان ئايال.
بۇ ھاياتىم سېنىڭكى دېسەم،
سەن ئەمەسمۇ مېنىڭدىن تانغان.
ئەركەكلىرىڭ قېنى ئەي دۇنيا؟
شۇ ئۆلۈمدىن باشقىسى يالغان.

14

خىياللارنىڭ ساھىللىرىدا،
بۇلدۇقلىدىم بۇلاقتەك تېشىپ.
ئۆز ئىشقىمنىڭ گۈلخانلىرىغا،
سەن قارايسەن ئۇنسىز تېيىشىپ.
تىڭشاۋېرىپ بىرلا ئاھاڭنى،
رەللە بولدۇم، پۇشماقتا ئىچىم.
ئۆتۈپ كەتتى يەنە بۇ ئاخشام،
ئىشىكىمنى چەكمىدى ھېچكىم.

15

قولۇڭنى بەر، بۇتنىما زىنھار،
كۈن نۇرىدەك تارىسۇن جىلۋەڭ.
مەستخۇشلۇقتا چۆمۈلەر دۇنيا،
گۈل ئىچىدە گۈلدەك كۆرۈنسەڭ.
ئىزلىرىڭدا ئىگىرىسۇن ھىجران،
زىناقلىرىڭ كۆچسۇن قۇياشقا.
يىگىتلىكىم بولسۇن تەسەددۇق،
مەڭزىڭدىكى بىر تامچە ياشقا.

16

نىگاھلىرىم پورەك ـ پورەك گۈل،
ئۆزگىلەردىن بۇرۇن ئۇزۇۋال.
غەرق بولدۇم ئاشىق كۆلىگە،
تېزراق چۈشۈپ سۆيگۈ سۇزۇۋال.
غەش كۆڭلۈڭنىڭ دېرىزىسىنى،
ئېچىپ قويغىن تۇيدۇرماي كىرەي.
سۆيگۈم بىلەن قىرتاق ھىجراننى،
لەۋلىرىڭگە كۆمۈپ ئۆلتۈرەي.

17

باياۋاندىن كەلدىم ئېچىرقاپ،
دەرۋازاڭنى ئوچۇق قوي تۈندە.
كېلىشىمنى ئاناڭ بىلمىسۇن،
چاقىرىمەن سەن سۆيگەن ئۈندە.
مەرىمىسۇن قويلىرىڭمۇ ھەم،
بويناقلىرىڭ سالمىسۇن قاۋاپ.
چىق، كېچىگە سىڭىپ كېتەيلى!
گۈزەل مۇڭدەك جىمجىتلا تاراپ.

18

بىر قايرىلىپ باققانلىقىڭ راست،
دىلغا ئىشق سالغىنىڭمۇ ھەم.
تاشلاپ مېنى ھىجران چۆلىگە،
ئۆزۈڭ تەنھا قالغىنىڭمۇ ھەم.

جىلۋىلەرنىڭ بوستانلىقىدا،
سەن يوشۇرغان تەبەسسۇملا يوق.
قاغجىرىغان كۆكسۇمگىمۇ يا،
ئاھ، تەگمىدى غايىبتىن بىر ئوق.

19

يوللار سالسۇن يېشىل پايانداز،
سۇبھى بىلەن يايرىم كېلىدۇ.
ساما سالسۇن كەپتەرلەر ئۈنلەپ،
دۇنيالىقتا بارىم كېلىدۇ.
كەرەشمىلىك ماھى تابانىم،
سۆيگۈ سازى چېلىپ كېلىدۇ.
بۇ دۇنيانىڭ غەملىرىگە تەڭ،
ئىشق، سەۋدا چېچىپ كېلىدۇ.

20

ئۇنتۇپ كېتەي سېنى تىمتاسلا،
چۈنكى، ئوتۇڭ مېنى قىينىدى.
بارمىقىڭنى ئويناپ ئولتۇرۇپ،
ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىدى.
تەلپۈنگۈم يوق يەنە ھېچكىمگە،
رەنجىتكىم يوق ھەمدە ھېچكىمنى.
كەچۈر مېنى ئىپپەتلىك قىزچاق!
سۆيەلمەسمەن قايتا ھېچكىمنى.

21

دادام كېچە مەشرەپكە كەتتى،

چالما تاشلا ئۆگزەمگە چىقاي.
تال چىۋىقتەك بەللىرىڭنى يار،
مۇجۇپ ـ مۇجۇپ تازا بىر سىقاي.
تاملار سوغۇق، يوتقىنىم چۇۋۇق،
سېغىنىشتا غىڭشىپمۇ باقتىم.
بىر تېۋىش بار، سېنىڭغۇ دېدىم،
ھاراڭلىك ئىشىكنى ئاچتىم.

22

چاچلىرىڭنى يەلپۈسە شامال،
قىزغىنىشتا چىرايىنى تۈردۈم.
يىغلاي دېدىم، يىغلىيالمىدىم،
بىراق كېيىن تازا بىر كۈلدۈم.
شامال بولغۇم كەلدى مېنىڭمۇ،
كىرپىكلىرىم بولسۇن قونالغۇم.
گۈلگە ئوخشاش زىبا بويۇڭنى،
قىلىۋالغۇم كەلدى تويلۇقۇم.

23

بوسۇغاڭنىڭ يېرىقلىرىدىن،
ماڭا ئامراق بىر مۈك تەلپۈنەر.
تويىلارغا چۈككەن تىۋىشىڭ،
ئارامىمدا ھالسىز سىلكىنەر.
ھۇۋلاشلاردىن ئەندىكەر جىسمىم،
يا بولمىدىڭ يېنىمدا پەيدا.
توزۇپ بارار ئاشىق چۈشلىرىم،
بولۇپ سېنىڭ ئوتۇڭدا شەيدا.

2008 ـ يىلى

# ئاۋازسىز سۆزلەش

1

تەشۋىشلەرنى تاشلاپ يىراققا،
ھىدلىرىڭنى ئېلىپ كەلدى تاڭ.
باغاشلىدىم سىمالىرىڭنى،
چاچلىرىڭدا ياڭراتتىم ئاھاڭ.
مەپتۇنكارى بولۇپ جىلۋەڭنىڭ،
ئاشىقلىقتا ياشاي يا ئۆلەي.
قالسام ئەگەر ئايرىلىپ سەندىن،
كىمگە يىغلاپ، كىملەرگە كۈلەي.

2

مۇشۈك قوغلاپ يەنە بۇ ئاخشام،
كىرىپ قالدىم بېغىڭغا بىلمەي.
شورىلاردىن كۆزەتتىم سېنى،
گۈل شاخلىرى چوغلىنىپ كۈلمەي.
كىرپىلەرگە تۆكۈپ دەردىمنى،
تامغا قاراپ تازا بىر كۈلدۈم.
ئاڭلانغاندا تونۇش ئاۋازىڭ،
يايراپ كەتتى پەرىشان كۆڭلۈم.

3

تىمتاس ئورمان، قۇشلار ئاۋازى،
بارالمىدى خانەڭگە يېتىپ.

ئويغانمىدىڭ شۇنچە توۋلىسام،
قىشمۇ كەلدى ئايازمۇ كېتىپ.
كۆلۈپ بەرسەم تاتلىق، مۇلايىم،
جەۋر بولمىدى تاتارغان تاملار.
يېنىكلەتمەك بولۇپ دەردىمنى،
شېئىر يازدىم ئاتاپ ساڭىلا.

4

چۈشۈپ كەتتىڭ قۇدۇق ئاستىغا،
مەڭگۈ قايتىپ چىقماسقا «يۈسۈپ»[1].
نۇر تارتىپ پىكىرلىرىڭدىن،
ئۆڭكۈرلەردە ياشىدىڭ كۆلۈپ.
سەن يەتكەن شۇ يۈكسەك پەللىگە،
بىزلەر تېخى كەلمىگەن يېتىپ.
ئاھ، دىللارنى ئەزدى مۇسىبەت،
سەن دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ.

5

مەيتۇن يۇرسەم زىبالىقىڭغا،
بىر قايرىلىپ باقمىدىڭ ئەجەب.
بۇ ئىشقىمنىڭ ھىجران چۆلىگە،
تامچە بولۇپ تاممىدىڭ ئەجەب.
سۆزلەيدىغان كىرپىكلىرىڭدە،
شەھۋەت نۇرى يانىدۇ خىرە.
بوغۇزلايدۇ ھەۋەسنى جىلۋەڭ،
پاك ئانىنىڭ ئىپپىتى سەندە.
2012 ـ يىلى

# تەكلىماكان تىلى

1

غېرىب جاڭگال، بىر مىسكىن ئاھاڭ،
كۆڭۈللەرنى قىلىدۇ مالال.
تاشلاپ يۇتەر قاسراقلىرىنى،
ياپراقلارنى سۆيەلمەي شامال.
قۇشقاچ ئۇنى ئۇزۇلگەن تامىنىڭ،
جىمجىتلىقى تۆكۈلەر تارام.
ئىختىيارسىز سالدىم بۇقۇلداپ،
كىرگەن كېچە چۇشۇمگە ئانام.

2

بار تېنىمدە سۇزۇك بىر ناخشا،
تېخى تووۋلاپ باقمىغان تۇزۇك.
چالاي دېسەم مۇڭلۇق سازىمنى،
مۇزىكامنىڭ تارلىرى ئۇزۇك.
يەنە تەنها ئەسلىدىم سېنى،
قومۇشلۇقنىڭ ئۇنىنى تىڭشاپ.
نۇرلىرىغا چۈمۈلۈپ تاڭنىڭ،
يا كەلمىدىڭ قۇياشتەك پارلاپ.

3

سەن تووۋلىماي ئۆچكەن ناخشىلار،
خىلۋەتلەردە ئاچماقتا ھازا.

چالا كۆيگەن قومۇش پۆپۇكى،
قۇشقاچلارغا ئۆگىتەر ناۋا.
تومۇرىدا ئانا تارىمنىڭ،
مۇھەببەتلىك ناخشام ئاقىدۇ.
بار ئىچىمدە مىڭ ئاشىقلىق دەرد،
جىلۋەڭ مېنى نۇرلاندۇرىدۇ.

4

نەزىرىڭدىن ئۇچتۇم ئاخىرى،
تەشۋىشلىرىڭ چالغىنىدا نەي.
ياش ئۆمرۈڭدە باقمىدىڭ تولۇپ،
ۋاپادارلىق ناخشىسىنى ھەي!
ھالسىزلانغان ئۇھسىنىشلاردا،
چىمىرلايدۇ ۋاز كېچىش خىرە.
ئۆچەرسەنمۇ شۇنچىلىك تېزلا،
چېچىپ باقماي نۇرۇڭنى بېرە.

5

ئاھ، تىڭشىدىم تەنھالىقىڭنى،
ئارامىمنىڭ يىپىنى سۆكۈپ.
شۇ قەلبىڭنىڭ زىندانلىرىغا،
يا باقمىدىم ئارمانسىز چۆكۈپ.
جىغانلاردا كۈلگەن جىلۋەڭنى،
كىرپىلەرنىڭ كۆزىدىن تاپتىم.
دېڭىز تامان ئۇچقاندا لاچىن،

ئوقۇۋاتقان كىتابنى ياپتىم.

6

شۇنچە دەملەر ئۆچتى پەرۋاسىز،
بۇ تۇرقۇمغا باقمىدىڭ كۆيۇپ.
ئېھ، قۇشلۇرۇم تۇرسىمۇ سايراپ،
چېغىرلاردىن چىقمىدىڭ كۈلۇپ.
بىر ئاننىڭ ئەللەي ناخشىسى،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆتتى سەگىتىپ.
ئۇزۇلمەكتە ھىجران يىپلىرى،
كەل دىلبىرىم! ۋىسال ئەگىتىپ.

7

كەچمىشلەرنى قالاي ئۇنتۇلۇپ،
كۆزلىرىڭنى يۇرمىگىن ياشلاپ.
شۇ چۇشلەرنى ئەسلا كۆرمىگەن،
ھىجرانلارنى كەلمە ھاپاشلاپ.
ئېغىر تىنىپ ئۆتكۇم يوق پەقەت،
ياش قەلبىڭنى قىلمىسام زىدە.
ھايات گويا رەڭدار بىر قۇيۇن،
روھلار غالىب ھىجران ئىچىدە.

8

ياشاش قىسمەت، ئۆلۇمدۇر دەملىك،
كەلسەڭ ئەگەر سۆيمەك بولۇپ كەل!

سايىلارغا تۆرما ھاڭۋىقىپ،
روھىم تاشلار قاتلىرىدا دەل.
كەچمىشلەرنى قالغىن ئۇنتۇلۇپ،
گۈزەل زۇلفىڭ نۇرلانسۇن پارلاپ.
ئەۋزەل جۈپلۈك بوشلۇقلىرىدا،
ۋاپا كۈيى تۇرسۇن جاراڭلاپ.

9

باھار چىللاپ ئىزغىرىن شامال،
كىرپىكىڭدە ئۇينايدۇ ئۇسسۇل.
مەپتۇن بولۇپ جىلۋىلىرىڭگە،
ئاۋازىڭنى ئىزدەيدۇ بۇلبۇل.
يوق ئېسىمدە باققىنىڭ تاقلاپ،
ھەم ئىشقىمغا بولغىنىڭ تەشنا.
كۈتمەكتىمەن بۇلاق بويىدا،
كېلىدۇ دەپ سېنى تاڭ ئاتسا.

10

دۇنيا غەمدۇر، ھايات بىر ئويۇن،
ئۆرلىمەكنى ئويلايسەن ھامان.
ئاچ كۆزلەرگە بولىسەن ئولجان،
يېقىنلايسەن ئۆلۈمگە پىنھان.
ئوۋچى بولساڭ ئوۋلىما جاننى،
گۈزەللىكنىڭ سازلىرىنى چال!
كۈيلەيدىغان ۋاپادارلىقنى،

ئاشىقلارنىڭ مۇڭى بولۇپ قال!

11

سىرلىق كۆلۈپ قويغىنىڭ يالغان،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىشىڭ ھەتتا.
خۇرسىنىشتۇر بىردەملىك لەززەت،
ياشىماق تەس ھاياتتا يەكتا.
ئۇھسىنىشلار قۇرغاق ۋە قىرتاق،
مۇساپىرلىق تۆكۈلەر تال ـ تال.
ئاھ، سۆيگۈمنى يۇتتۇڭ ئوغرىلاپ،
ئالساڭ ئالغىن، جېنىمنىمۇ ئال!

12

چوقىلارغا باقاي زوقلىنىپ،
يۈكسەكلەردە پارلىغىن، ئۆچمە!
داستان بولۇپ ئوقۇل دىللاردا،
قەلبلەردە ياشىنىغىن، كۆچمە!
«ئاھ»لىرىمنى قۇياي مەي قىلىپ،
ھەسرىتىمنى تېتىپ باق سەنمۇ.
كەتسەم ئۆتۈپ بېغىڭدىن ئەگىپ،
بىر ئىشقسىز يىگىت دەرسەنمۇ؟

13

يوشۇر جېنىم زىبالىقىڭنى،
يامان كۆزلەر قالمىسۇن كۆزلەپ.
شەھۋەت ئوۋلاپ ئۆلگەن نىگاھلار،

سەن ھەققىدە قويمىسۇن ئۇنلەپ.
چاچلىرىڭدا ياڭرىتاي مۇقام،
سىرلىرىڭنى باشلاي ئىچىمگە.
ھەر بېقىشىڭ قۇياشلىق ئاسمان،
بىراۋامەن سەنسىز ھېچكىمگە.

14

تەنلەر قۇرۇق، روھلاردا زىيا،
شەيتان مەڭدەر ھەربىر نازلاردا.
مۇسىبەتمۇ گۈزەل بىر ناخشا،
ئوت شارىدەك يانماقتا ۋىدا.
نىگاھىڭدىن ئۇچقان تىنىقمەن،
بوشلۇقلاردىن يۇرمە ئاختۇرۇپ.
يۇلتۇز بولۇپ پارلايمەن كۆكتە،
قالسام، جېنىم، سېنى ياقتۇرۇپ.

15

ئىشىكىڭنى ئېتىۋال مەيلى،
تۈگۈلۈكىڭدىن شولىدەك كىرەي.
بىر ناخشام بار باقمىغان توۋلاپ،
قۇلۇقىڭغا ئاھ، ئوقۇپ بېرەي.
مۈگۈلىرىمدىن مەست بولسۇن كېچە،
ھەتتا تاشلار قالسۇن ئېسەدەپ.
ئوغۇز پۇراپ تۇرغان ئۇز باھار،
كەلسۇن تەشنا بىزلەرنى ئىزدەپ.

16

جىلۋەڭ بىر چوغ، يۈرىكىڭ سوغۇق،
ساڭا قاراپ ئاھ باقالمايمەن.
غەش كۆڭلۈڭنىڭ دەشتىلىرىگە،
ئىشق تاشلاپ ئوت ياقالمايمەن.
ئىدىتقلايمەن ئۆزۈمنى چوڭقۇر،
كۈلەي دەيمەن يا كۈلەلمەيمەن.
يېتەلمىگەچ ۋەسلىڭگە يارىم،
ئۆلەي دەيمەن، ياق! ئۆلەلمەيمەن.

17

تار كۆڭلۈڭگە سىغمىدى كۆڭلۈم،
ئىلىنمىدىم نەزىرىگە ھەي!
چىغىر يولدا قالغان ئىزىڭغا،
تۈرسام ئىكەن ئەسلىدە كۆيمەي.
قومۇشلارنى شىلدىرلاتتىم گاھ،
جىلۋەڭ پەيدا بولۇپ قالار دەپ.
شۇنچە تىمتاس ئۆزىدىڭ قايان؟
بەرمەي تېخى بىرنى ئەركىلەپ.

18

چۆچەكتىكى بولغىن مەلىكەم،
ساڭا ئاتاپ قەلئەلەر سالاي.
مەپە ھەيدەپ باراي ئالدىڭغا،

تويلۇقىڭغا ئالتۇن كەش ئالاي.
قىزىق كۈندۈز ھەم قىزىق كېچە،
بولسۇن بىزنىڭ قۇتلۇق تويىمىز.
چۆچەكلەردىن ياشايلى چىقماي،
كۆكنى سۆيسۇن خىياللىرىمىز.

19

شاماللاردا ئىڭرىغان ھالسىز،
بەلكىم ئەمەس سېنىڭ ئاۋازىڭ.
تەنھالىقا ئوت ئاچالمايمەن،
ئاڭلانسىمۇ يېقىندىن سازىڭ.
ئېسىمدە يوق كۈلگىنىڭ تاتلىق،
گىرە سېلىپ باققىنىڭ مەررە.
مەن ئۇچۇرغان قۇش بولساڭ ئەگەر،
ئالقىنىمغا كېلىپ قونغىنە!

20

تىترەپ قويسا كىرپىكىم ئوتلۇق،
قاپاقلىرىڭ تۇرۇلدى، بىلدىم.
سەن چۈشلەرنى يۇرگەندە ئويناپ،
مەن بوز ئاتلىق شاھزادە ئىدىم.
نەزىرىڭدە قاينار مىسكىنلىك،
گۈزەللىكنى يەكلەيسەن ئۇۋاپ.
نازلىرىڭنى ئۆلتۈرمە ھەي – ھەي!!
مەن ئالدىڭغا باراي نۇر بولۇپ.

21

سۆلكەتلەرنىڭ رەھنىمالىقى،
نۇر كۆزىدىن چۈشەر تاراملاپ.
ئاشىق ئەمەس دەپلا ھەۋەسنى،
يوقلۇقلاردا ئۆچكەن زىل پارلاپ.
ئادىمىيلىك ئالىمى ئىچرە،
پىلىلدىغان ئۆز نۇرۇڭ بىلگىن.
ئادىمىيلىك ھەقىقىتىنى،
مېھىرگىنىدەك كۆز بىلەن كۆرگىن.

22

ئىچىمدە بىر ئىلاھى ئىشق،
جىلۋەڭ مېنى پۈۋلەيدۇ دىلبەر.
مىڭ دوزاخنىڭ يالقۇنى تەندە،
تىنىقلىرىڭ پەرلەيدۇ دىلبەر.
بۇگۈن كەچتە چۈش كۆرسەم يەنە،
چۈشلىرىمدە سېنى ئۇۋلىسام.
يىراقلارغا كەتمىسەڭ ئۇچۇپ،
سېنى مەڭگۈ يار دەپ تونۇسام.

23

تاراملايدۇ ئۇزۇلگەن ئىشقىڭ،
جىلۋىلەردە چەكسىز تىلسىمات.

ئېھ، ئاق ئۆچقۆن لەيلەر پەرۋاسىز،
كۆل رەڭ چۆشلەر، ھېسلىرىم سۆمبات.
ناخشا توۋلاپ قويغىنىم بىلەن،
ئامرىقىم يوق سېنىڭدىن بۆلەك.
ئاچارسەنمۇ كۆلۈپ كەڭ قۆچاق،
پەيدا بولسام ئالدىڭدا نۇردەك.

24

تار چىمىلداق، غىدىقلىنار ئۆي،
قۇشقاچ ئۇۋا ئاقتۇرار چاڭقاق.
شوخ باللار ئوينار مۆكۈلەڭ،
چېغىر يوللار ياتار چۇۋالچاق.
قۇت تۆكۈلەر كۈنلۈك ئاستىدا،
قېيداشلار يۇقار دەلدەڭلەپ.
مۇساپىرلار تىنىدۇ ئېغىر،
بىر كېچىلىك قونالغۇ ئىزدەپ.

25

چاچراپ چىقار تاملاردىن شوخلۇق،
توك سىمىدا ئاقار بىر چۇقان.
سەۋرىلەردە سۆكىلەر ماتەم،
ئۇۋار ھامان ھىدلارنى پىغان.
ئاتالمىغان ناملاردا ناخشا،
ئىگرار ئىسلار كېتەلمەي تارقاپ.
سىلكىنەمسەن تونۇش قوڭغىراق،

ئىشىكىڭدە قالسا جىرىڭلاپ؟

26

لەۋلەر خورى، توزىغان هورلار،
قىرلىق ئويلار، تويۇنغان ئوسما.
ئاۋازلارنى يەيدۇ ئاۋازلار،
مۇسىبەتلەر يالغان مۇئەمما.
كۆيەر قەغەز، تەنها بىر بوۋاي،
چىرىلدايدۇ تىنماي چىكەتكە.
بىر قىز بۇندا تەمتىرەپ ئويچان،
چاپار ئۇدۇل نامسىز بېكەتكە.

27

ئاسمان دەردمەن، چۈشلەر هامىلىدار،
چېھرىڭ ئارا پىچىرلايدۇ مەڭ.
يامغۇرلارنىڭ كۆزلىرىدە ئوت،
كۆز پەسلىدە سۆسۈن كۆلەڭگەڭ.
ياپراقلارنى يالمار شامالّلار،
قوش تىنىقلار ئايرىلار تاغقا.
جىمجىت زاۋال، قەدەملىرىڭنى،
بۇرىدىڭمۇ ياتلار بېغىغا.

28

ئېسەدەيدۇ ئاسمان خىرامان،
بەلگە كۈتەر تەنها پەرىزات.

ئاچ پىراقلار گىرۋەكلىرىدە،
بوغۇزلىنار سېغىنىش قات ـ قات.
ئېھ، ئاق قۇشقاچ، يىراق بىر ماكان،
دەمدەرلەرنى قالدىڭ ئۆگىتىپ.
ئېچىشمامدۇ باغرىم مېنىڭكى،
كەچمىشلەرنى يازساڭ تۆگىتىپ.

29

تىپىرلايدۇ قۇرۇغان دەريا،
ئەجەب سېنى قالدىم سېغىنىپ.
شەپىلەرنى پايلار ھەر نىگاھ،
ناۋا قىلسۇن تاشلار يېرىلىپ.
يات ھېسلاردا تونۇشار كۆڭۈل،
بەخت مەڭدەر ماماتنى ئالداپ.
شۇنچە ئادەم تۇرسا ياش تۆكۈپ،
كۆيگىنىم راست سېنىلا تاللاپ.

30

تىپىرلايدۇ نىمجان چۈشلىرىڭ،
بېرەلمىدىم ساڭا بىر خىيال.
قاسىراقلىق كۆي ھەسرەتلىرىدە،
پىغانلىرىڭ ئۇنلەيدۇ غىل ـ پال.
كەتتىڭ توزان ئۆرلىدى كۆككە،
يات بىر شەھەر قالدى بەك چاڭقاق.
تەشۋىشلەرگە كۆچتى سېغىنىش،

بولالمايمىز ئەمدى، ئاھ، ئامراق.

31

كۆلۈمسىرەر چاڭقىغان باغرىڭ،
ياۋا غازلار تاشلاپ ئۆتەر پەي.
مۆڭلىرىنى يوشۇرغان شامال،
قۇملار خورى پەسلەپ بارار ھەي.
چۈش بوپ قالسا بارچە سەپسەتە،
چىن ھەقىقەت چايقىسا مېنى.
ھەۋەسلىرىم بىخلانسا قايتا،
چىمىرلاتسام نۇرلاردەك سېنى.

32

سەۋدالىقنى باشلاپ تىۋىشلىك،
ئۇچۇپ ئۆتتى مەھەللەڭ تامان.
ئاق شولىلار يىپسىز مارجاندەك،
چاچراپ چۈشەر يوللارغا لەرزان.
ياپراقلاردا قاناتلىق يۇلتۇز،
بوستان چېچىڭ يەلپىيدۇ شامال.
كېچىلەردە چەكسىز مۇئەمما،
چۆچەك بولۇپ قالدىڭ ئېھتىمال.

33

كۆل رەڭ ھېسلار، سارغۇچ تەبەسسۇم،
يوچۇقلاردىن مارايدۇ كۆلكەڭ.

تۇمانلاردا ئۈزەر بىمالال،
ئەسنەشلەردىن بەزگەن كۆلەڭگەڭ.
ناتونۇشلۇق كېچەر ئويلاردا،
ئىنتىلىشلەر تۇرىدۇ بالقىپ.
تىگرىقاشتا قالامسەن تىترەپ؟
تۇيغۇلىرىم بارسا سەپ تارتىپ.

34

زىل ئاخشامدۇر كاككۇك ئاۋازى،
رەڭلىنىشىدۇ سىرلىق تىنىقلار.
كەچمىشلەرنى يوشۇرار تولۇق،
داغ سەتھىدە قالغان يېرىقلار.
كۈتەر ھالسىز يالىڭاچ ئورمان،
كېلىشىنى باھارنىڭ ئۈنلەپ.
جامالىڭنى يورسەم ئاختۇرۇپ،
تىۋىشىمنى قالامسەن كۈنلەپ؟

35

تاتىرىدۇ تاملار تەشۋىشى،
كۆك يىتتۇرۇپ قويدى بىر تامچە.
ئەسلەشلەردە ئەللەي ناخشىسى،
نىگاھلىرىڭ يانار يۈكسەكتە.
تەلپۈنۈشلەر ياسار بىر سىماھ،
كۈتۈشلەردە تىلاۋەت بەلكىم.
ئۆكسىشىڭنى سۆيەر جان ئانا،

ئەسىرلەردىن ھالقىغان ئەركىم.

36

غەلۋىلەردە ئاجىز قەدىرلەش،
خوشلىششىلار يوقايدۇ ياتلاپ.
تىۋىشلاردا چۈۋۈلار سەزگۈ،
قۇترار ئۈيقۇ چۈشلەرنى قاتلاپ.
لەۋلەر تىلى جۆيلەر پۇراقسىز،
توم ئاھاڭلار پارلار تارىلىپ.
شوخلۇقلارغا سىغارمۇ ئالەم،
ئارمانلاردىن چىقساڭ يارىلىپ؟

37

شىۋىرلاشلار چىللايدۇ گۈگۈم،
مۇڭ، خىياللار ئىزدەيدۇ كۆۋرۈك.
تارتىشىدۇ چاڭقاق خىيالدەك،
قاسراق تاشلاپ جىلۋىلەر كۆپكۆك.
ئۆتمۈشنى پوچۇق بوسۇغا،
سائىللارغا سۆزلەر تېۋىنىپ.
ياقتۇرامسەن سىماھلىرىمنى،
نىگاھىڭدا بەرسە يېرىلىپ.

38

ھېس قوزغايدۇ ھەۋەسلەر قايناق،
ئۇۋىسىنى تاپالماس بويناق.

دېرىزىلەر گىرۋەكلىرىدە،
پىچىرلاشلار تۆكەر تېپىشماق.
تەلۋىلىكنى سېغىنار پات ـ پات،
غەليانلارغا چۆككەن نىگاھلار.
قۇتىلاردىن چىقالماس يىغلاپ،
شېئىر بولۇپ چاك ـ چاك پىراقلار.

39

تەرسالىقنىڭ تۇتقان ئاشۇ دەم،
ئورىۋالدى جىمجىتلىق مېنى.
گۇمانلارنىڭ سۇنۇقلىرىدىن،
ساختا كۆلكە سوزار بوينىنى.
ئازابلارغا چىلانغان بەخت،
نەزىرىڭدە پارلار خىرامان.
بويلىرىڭدىن تارالغان ھىدلار،
دىمىقىڭدا كۆتۈرەر ئىسيان.
كەچكۈزدىكى لىۋەن مۇزلاردەك،
گەز باغلىسا روھىڭدا تۇرقۇم.
يېقىپ قالار بەلكىم گىرىمسىز،
مىجەزىڭگە تېۋىنغان خۇلقۇم.

40

قويۇق تۇتەك، كونا قۇم ئېرىق،
تەسۋىرىنى يوشۇرغان تاللار.
قۇدۇق قازار سۇسىز كۆللەرگە،

سۈغا تەشنا ساقاللىق چاللار.
ئويچان قىشلاق بولۇپ ھەۋەسكار،
سوغۇق تىلدا ئۇقار ھېكايە.
پەرىشتىگە ئايلىنار جۇۋان،
ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ سىپايە.

41

بوشلۇقلارغا ئۆرلىتىپ تىترەك،
ئاچ كۆلەڭگەڭ تۇرىدۇ بالقىپ.
پەس تېۋىشتا ئۆتەرمەن تۇندە،
ئىشىكىڭگە قوڭغۇراق ئېسىپ.
جىگدىزارنى كەزگەندە ئۇنۇم،
چىكەتكىدەك پەرۋاسىز گويا.
يىقىلىمەن سۇكۇتلىرىڭگە،
خانەڭ ئىچرە تاشلىنىپ بۇندا.
ماڭا تونۇش گۈزەل ئىسمىڭنى،
ناخشا قىلىپ ئوقۇيمەن ئوتلۇق.
يۈرەرسەنمۇ يوشۇرۇپ نىگاھ،
ئېھ، بارلىقىڭ مېنىڭ تۇرۇقلۇق.

42

سەن ھىدلارنى ئۇركۇتكەن كېچە،
تاڭنى كۇتۇپ قاقمىدىم كىرپىك.
شاش ئويلارنىڭ قۇدرىتى ئىچرە،
چۈشكە قارماق تاشلىدىم ئىللىق.

75

ئۇمىدتۇر ئىنسانغا، ھاياتقا قۇۋۋەت،
ئۇمىدلىك ياشىغىن ئۆمۈرلۈك ئەبەت.
خاپىلىق ـ خوشلۇق بار، كەچىنىڭ كۈندۈزى،
تاڭ ئاتماس كېچە يوق، بۇبىر ھەقىقەت.

76

ئۆمرۈڭنىڭ ئىزىغا سالغىن بىر نەزەر،
ئالغىنىڭ شېغىلمۇ ياكى زەر ـ گۆھەر.
ئۆمرۈڭنى تەر تۆكۈپ مەنىلىك ئۆتكۈز،
تۇتمىساڭ پەيتىنى لاي سۇدەك كېتەر.

77

ئۇچراتتىم جاھاننى بۇزغانلارنى كۆپ،
ئىچىدە لىق زەھەر يۈرگەنلەرنى كۆپ.
بىلدىمكى، بولسا كىم شۇم نىيەت، رەزىل،
كۆردىمكى ئەل ئۇرغان، تۇزىغاننى كۆپ.

78

ھاياتنىڭ مەنىسى ئەجىر، تۆھپەڭدە،
ئىجادسىز ئۆتمىگىن يېتىپ كۆرپەڭدە.
شۇ مېۋەڭ ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرار،
يادلايدۇ ئەل سېنى، سېنى ئۆلگەندە.

79

غادايغاندا غادايدىم بويىنۇمنى سوزۇپ،
خۇشامەت قىپ كەتمىدىم ھال ئەھۋال ئوقۇپ.
ئەل قاتارى تەڭ كۆرۈپ بۇرادەر دېسە،
بويۇن قىسسا تۇرمىدىم ھېچنېمە ئاياپ.

# دوستلۇق قەسىدىسى

1

رەنجىشلەرنى سۈرەيلى يىراق،
ئامىراقلىقتىن تاپايلى كامال.
يۈرەكلەردىن ئۈرگىسۈن ناخشا،
پاك كېلىچەك ئاچماقتا جامال.
بەدنىيەتلەر تۈگىسۈن تامام،
ياخشىلاردىن كۆلسۈن ئانا يەر.
بىزلەردىكى كۆيلەرنى تولۇق،
جاراڭلاتسۇن قۇشلار قېقىپ پەر.
سەپەرلەرگە تىلەيلى ئاق يول،
چىدام بىلەن باسايلى ئالغا!
ئاجرىمىسۇن قوللاردىن، قوللار،
چاچايلى نۇر، يېتىپ ئىقبالغا.
چوققىلاردا تۇرايلى مەغرۇر،
قەلبىمىزنى كۆرسۇن كائىنات.
بىر تىلەكتە ياشايلى ئەبەد
چىن دوستلۇقتىن ياشنىسۇن هايات!

2

ئالدىمىزدا داۋانلار قات ـ قات،
توساقلارغا مەهكۇمدۇر يوللار.

زور ئۇمىدتە تىلشىپ ئۆتۈق،
پۇلاڭلايدۇ مېھرىبان قوللار.
تۆكەر بىغەم دەستە نۇرلارنى،
ھاياجاندا نەملەنگەن كۆزلەر.
قەدەملەردىن ئۈنۈپ چىقار گۈل،
بۇلار ماياك ئوتقاشتەك سۆزلەر.
غەلبىمىزگە مايىلدۇر چاۋاك،
كۆرسەتمەكتە قەلبىنى مەنزىل.
بىر كۈي ياڭرار دىللار قېتىدا،
بۇ كۈي شۇنچە يېقىملىق، بەك زىل.
ئارمانلارنى يەشمەكتە تولۇق،
تىلسىماتنىڭ سىرلىرى يورۇپ.
دوستلۇقىمىز ئاچماقتا چېچەك،
كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ كۈلۈپ.

3

سۆزلىمەكتە شۇ گۈزەل تاڭلار،
دوستلۇقىمىز ھەققىدە چۆچەك.
چاقىرماقتا قوينىغا باغلار،
كەل بۇرادەر، كەلگىنە تېزراك.
قۇچاقلاشسۇن كۆلكىمىز بۇدەم،
ئەلەملەرنى ئۇنتايلى زىنھار.
باشلىرىنى ئەگمەكتە تاللار،
يۇر بارايلى! بولسۇن سىر ئاشكارا.

ئۆلمەس قىلىپ توقۇيلى قوشاق،
بۇ مىنۇتلار شېرىن شۇنچىلىك.
ياڭراپ تۇرسۇن ئۇزۇلمەكتە كۆكتە،
بىز تۇغۇلغان مۇقەددەس بىرلىك.
نۇرلىرىنى چېچىپ يۇلتۇزلار،
پاكلاپ تۇرسۇن شۇ ئېزىز نامنى.
يەڭلىرىمىز تۇرۇلسۇن مەھكەم،
ئاتاش ئۇچۇن دوستلۇققا جاننى.

1991 ـ يىلى، شىئەن

# ئۆستەڭدىكى بوتۇلكا

ھاراقكەش بۇرادىرىم دېدى:
— موللا بولدۇڭمۇ ئەمدى ئىچمەيدىغان؟
دېدىم: قاچان بولۇپ باققان،
بوتۇلكا مەستلىكنى ئىزدەيدىغان.

ئۆستەڭدە لاي سۇ،
بىر بوتۇلكا ئېقىپ باراتتى؛
ئىچىدە پەۋەس سۈزۈك سۇ،
ئاپتاپ ئۇنى جىمىرلىتاتتى.

مەست ـ مەستنى ئىزلىمەس،
چۈنكى ئۇ ئۆزىنى قەستلىمەس.
بوتۇلكا بوپتۇ بىغەم، لاي غەزەل،
لاي سۇلار ئۇنىڭغا ئەرزىمەس.

2012 ـ يىلى

# مەجنۇنتال

ئۆستەڭدە سۇ ئېقىپ ئۆتەر،
مەجنۇنتال ئۇچىنى سىلىشىپ.
قەلەمدىن قەغەزگە يېزىقلار ئىز سالار،
ئۆتىدۇ ھەممە قىمىرلىشىپ.

تال ئۇچى سۇنى لىپىلداتسا گەر،
يازار قەلەم يېزىقلارنىمۇ.
زامانلار مۆكىنەر قەلەمگە،
قالدۇرماس ھېچ سىرلارنىمۇ.

ئادەم ئالەمنىڭ كىتابى ئىرۇر،
كۆزلەر ئالەمنىڭ ئېكرانى.
مىليون يىللىق غايىب مەۋھۇمىيەت،
جىمىرلاشلاردا بايان قىلار ئىزھارىنى.

2010 - يىلى

# ئۇلۇغ تەرتىپ

ئۆي ياسىلىشتىن بۇرۇنلا،
كېسەكلەر خۇمداندا تاۋلىنىپ پىشار.
خىياللاردا جەننەت قۇرۇلۇشى،
بەدەن ھۇزۇرىدىن بۇرۇن ئايرىلار.

لاي پىشىپ خۇمداندىن چىققاندىن كېيىن
تامغا لايىق بولغىنىدەك؛
جاپا دەھشىتىدىن قورقۇپ كەتمىگىن،
كېسەك تامدىن ئۆي بولغىنىدەك.

2010 - يىلى

# مۇھەببەت ئۈچۈن

ئاپتاپ، ھاۋانى ئايلىنىپ،
شامالدەك سورۇلغۇم كېلىدۇ.
ئوچۇق ئاسمان ئەينىكىدە،
تۇمانسىز توقۇلغۇم كېلىدۇ.

بۇ ئارزۇنىڭ ئۆزىلا
پەقەت بىر مۇھەببەت ئۈچۈنلا.
چۈنكى، يار سۆزۈك مارجان،
مارجاندەك مۆۋەپپەق ئۈچۈنلا.

دۇنيادا ئەڭ ئۇزۇن مەۋجۇدىيەت،
مىليون يىل بىر خىل تۇرغان تاش.
ئۇ يارىلىشتىن بۇرۇن بىر يۇلتۇز ئىدى،
كىرپىكىمدىن سىرغىپ چۈشتى ياش.

2010 - يىلى

# باياۋان يولىدا

نامى ئۇلۇغ تاغ ئارا،
قۇرۇق دەريادەك ساي ئۇپىقىدا.
ھەيۋەتلىك تىك تاغلارنىڭ،
سالمىچۇقلاردەك تاش ئويۇقىدا.

قۇملۇق دالا كۆرۈنگەندە
بىر توغراق ئاستىدا بىر كەپە.
ئىچىدە چوڭقۇر قۇدۇق بار
قەدىم كەنئان دېگەن يەردە.

ساي يولىدا ئېشەكلىك بىر بوۋاي
مۈگدەپ كېتىپ باراتتى.
نېمىدەپ ۋاز كەچكەندۇ يۇرتىدىن
نېمە ئۇنى چۆلگە قاراتتى.

* *

قۇمدۆڭ ئۈستىدىن
بىر بالا بوۋا دەپ سىيرىلدى پەسكە.
بوۋاي قەغەزدىكى كەسلەنچۈكنى بەردى،
پەرىدىن ئەتتارىنى ئېلىپ ئەسكە.

2010 ـ يىلى

# لەگلەكچى بالىنىڭ خىيالى

ئامېرىكانلار ئايغا ئۇچۇشتى،
بىراق ئاي ماڭا تەلپۈنەر.
مەن ئاينى سىزغان تاۋۇزدەك،
ھىممىتى قەلبىمدە يەلپۈنەر.

تاۋاپ قىلغان ئەمەستۇر مۇھىم،
تاۋاپ قىلدۇرغان ساۋاپ ئەلۋەتتە.
ئازابتىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئېھسانىمەن،
ئارزۇلىرى مەندىكى ئەينەكتە.

لەگلەك ئۇچۇرۇپ يۈرەر بىر بالا،
ئۇچماق بولۇپ لەگلەكتەك گويا.
لاچىن دېڭىزدىن بېلىقلار تۇتار،
كىتابنى قاتلاپ ئۇخلىغىنىمدا.

2010 ـ يىلى

# مۇھەببەت قانۇنى

رەسسام يارنى پەرىزات قىلاي دەپ،
چىرايلىق رەڭلەپ سىزىپ بولغۇچە.
شەيتان ئالۋاستىغا ئايلاندۇردى،
قەغەزدىكى پەرىزات قىنىپ تويغۇچە.

رەسىم پۈتتى، شەيتان تارتىۋالدى،
ئەقلى ۋاز كەچتى رەسساملىقتىن.
رەسسام بولغان قەغەزگە قالدى،
يار قۇتقۇزۇلدى رەسۋالىقتىن.

قاقشال تەننى ئىلىپ كەتتى جاڭگالغا،
چىرايلىق گۈللەرگە كۆمدى تەننى.
شەيتان بىلمىسۇن دەپ مۆكۈۋالدى،
شەيتان بىلەلمىدى مۇھەببەتنى.

تەبىئەتنىڭ ئالىي ئارزۇسى نىمە؟
ھەقىقەت قالقىنى ئۈچۈندۇر.
تىروپىك دىڭىز ساھىلىدەك،
گۈزەللىككە تويۇنماق ئۈچۈندۇر.

2010 - يىلى

# ئوپالدىكى قاپاق تېرەك

چەشمى زۇلال بويىدا،
قوش غوللۇق تېرەك تولغۇنۇپتۇ.
گۈل بولاق چەمبىرى ئاستىدا،
بوۋام مەھمۇد كىتابىنى تولدۇرۇپتۇ.

«هاي ـ هاي» دېدى قاپاق تېرەك،
ئالتىنچى بارماق پۈكۈلگەندەك.
مەككىگە بارمايلا هاجى بولدۇم،
سۇمۇرغ ئىككى شېرنى كۆتۈرگەندەك.

يەر شارىنى ئايلىنىپ ئەسىر بويى ئاي،
بۇلۇتلاردىن قۇتۇلالماس.
باش ئۇستۇمگە كەلگەندىلا،
ئايدىڭ بولدى روھلىنىپ ئاي.

بۇلۇتلار ئۆتەلمەيدىغان تاغ —
ئارىسىدا بولغان ئەزەل بىر باغ.
بۇ يەردە يارالغاچ گۇناھسىز ئادەم،
ئىزگۇ سىرىنى ساقلايدۇ ئىلاھ.

2010 ـ يىلى

# تارىخنىڭ ئەينىكى

سايلىقتىكى تاشلار ئەزەلدىن،
چاپلىشىپ بىر قۇرام بولالمىغان.
قۇم بولۇپ، ئېرىپ سۇ بولۇپ،
ئاندىن ئاسفالت يول بولالىغان.

تاغلارنى يايلاق قىلماقچى،
ئارزۇ چىمەنلىكى قەلبىمدە.
مەن بۇرۇنراق كىرەي جەننەتكە،
يايلاقلار قالىدۇ هامان كەينىمدە.

2011 - يىلى

## سەمىمىيەت پەسلى

بىلمەسلىكتىن ئېزىقىش،
نەپنى دەپ ھەقنى كۆرمىگەنلىكتىن.
كۆرگەن ئەجرى ئازراق
زىيان چىمدىمچىلىك سۆيمىگەنلىكتىن.
يەر شارىنىڭ ئالتۇندەك گىرۋەكلىرى،
ئالەم ئارا جەننەت بولالمىدى.
كەم دېگەندە زۇلقەرنەيىندەك،
مۇمكىنلىككە ھەسسە قوشالمىدى.
كېچىككەن بولساڭمۇ يەنىلا،
ئۆمرۈڭدە ھەق نېمە؟ بىل.
ھەق ئەسلىي ئالىي نەپ ئىدى،
پەقەت بىلىش كېرەك ئىدى زىل.
تۇندىكى نەپەسلىرىڭدەك،
چۈشتىكى غەۋۋاسلىرىڭدەك.
كەتكەن بەدەللەرنى سەز،
سەمىمىي ھەۋەسلىرىڭدەك.
غەملىرىڭنى كۆپ يېدىم سەرگەردان،
ئىنسان بولۇپ سەنچۇن ئۆمرۈمدە.
شۇنچە نۇرغۇن بوش دەملىرىڭدە،
ئەسلىمىدىڭ مېنى لىپپىدە.
بوران تەۋرەشلەر ئەمەس ئەسلىي،
مېنىڭ چوڭقۇر ئىچىنىشلىرىمدۇر.
پارلاق سەھەر، شەپەقلىق ئاسمان،
بەختىڭ ئۈچۈن سېغىنىشلىرىمدۇر.

2011 - يىلى

# تارىخنىڭ ئارقا بېتى

تارىخچى:
تۇنۇگۇنگە تۆھمەت قىلغۇچى.
كىشىنەيدۇ ئاتلار
شائىرنىڭ مىسرالىرىدىلا
مۇساپىر ياققان گۇلخانلار
ئۆچۈپ كېتەر شۇنچە جىمجىتلا.
يېزىلىدۇ سەلتەنەت
ئۆسەكچىنىڭ تىترەكلىرىدە
تولغىنار ھەقىقەت
مۇسىبەتنىڭ ئاھۇ - زارىدا.
بۈگۈن يەنە
ئۆرۈلدى
كالىندارنىڭ يېڭى ۋارىقى.

2010 - يىلى

# تۈننى ئۆتكۈزۈش

تاغلارنى يورۇتقان قۇياشتەك جىلۋەك،
خۇرسىنار تۆكۈلگەن، تاتارغان تامدا.
قوشۇلدۇم مەنمۇ ھەم گويا تام بولۇپ،
تۇرسىمۇ نىدايىك يېنىپ يادىمدا.

سەنمۇ تام، مەنمۇ تام تاتىرىپ تۇرغان،
ھېچنېمە كۆرۈنمەس دىدارىمىزدا.
ياقماقچى بولىمىز تۈندە گۈلخانلار،
بۇرۇنراق ئۆچىدۇ خىيالىمىزدا.

سەنمۇ تام، مەنمۇ تام كەتكەن ياتلىشىپ،
ئارىمىز ئىرادىن يىراق شۇ قەدەر.
قالارمىز ئېھتىمال بولۇپ «تام ئاشىق»،
تۈنلەردىن چىقالماي يوقالساق ئەگەر.

2010 ـ يىلى

# قومۇشئېرىق

بۇلاق سۈيى ئاقاتتى بىر چاغ،
قومۇش ئۈنگەن بىر ئېرىق بولۇپ.
پىلتىڭلايتتۇق ئاداشلار بىلەن،
ئالتۇن، ئالماس جىق بېلىق بولۇپ.

قومۇشلارنىڭ ئاراشلىرىدىن،
سويلاپ كەلسە يىلان ئەگەردە.
سەكرەپ چىقىپ تىمەن قۇشقاچتەك،
قوغلار ئىدۇق يىتكەن قەدەرگە.

ئويلىساملا ئاشۇ دەملەردەك،
ھەقىقەتنى بەرمىدى كىتاب.
ئەندىكىدۇ ھاياتتىن ھەر كىم،
بولدى ئىنسان ھەممىسى بىتاپ.

تارىخ ئېرىق، خىياللار قومۇش،
ۋاز كېچىمەن، ھاياتىم بېلىق.
يىلان دېگەن بىر تال پاخالدەك،
ئۈچ دېگەندە ئۈچقان بىر تىنىق.

ئايلانماقتا يەر، سۇ شور بولۇپ،
قۇم ئېرىق نام ئويغا سالىدۇ.
قۇدۇق كولار يۈرەك رىتىمى،

تومۇرلىرىم يولدا ئاقىدۇ.

«ئوقۇش» خەتكە تارتىمەن سىزىق،
«ئوقۇش» بولسا سىزىقتا چېكىت.
بورا كەبى توقۇلسا بوستان،
توقۇش بولسا قىلىقتا يىگىت.

نەزىرىمدە قومۇشلۇق ئېرىق،
تاۋلىنىدۇ بوستانلىق تىنىق.
خىلداش ـ دىلداش ئەۋلادىم بېلىق،
ئاقىۋىتىم ئويلىسام ئېنىق.

تەكلىماكان ئويمانلىقىدا،
يوللار گويا قومۇشلۇق ئېرىق.
ماشىنىلار ئۇنى سۇ كەبى،
مەن ئۇلارغا تونۇشلۇق بېلىق.

2010 ـ يىلى

# چۈشەۋاتقان تاش

تاغدىكى تاش قىيا ئۈستىدە،
ۋادىلارغا سالاتتى نەزەر.
قاراۋىرىپ زىرىكىپ ئۇخلاپ،
كۆككە قىلدى چۈشىدە سەپەر.

نۇرغۇن يۇلتۇز كېلىپ - كېتەتتى،
قۇشقا ئوخشاش قاقاتتى قانات.
بۇژغۇنلاردىن بىلىقتەك ئۈزۈپ،
بەختىيارلىق بىرەتتى ھايات.

ئويغاندى - دە كۆزى ئېچىلىپ،
لىپىلدىغان سۇلارنى كۆردى.
ئەتراپىدا ھەر خىل رەڭدار تاش،
چىمىلدىغان قۇملارنى كۆردى.

شۇنچە ئويلاپ ئەسلىيەلمىدى،
قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى.
قىيان بىلەن مىڭلاپ مەنزىلدىن،
سايدا لايغا پاتقانلىقىنى.

* *

دۈشمىنىم دەپ ئۆلتۈرۈشلەردە،

قەھرى تاشتىن قاتتىق بولغان باش.
بىر بارمىقى قانىشى بىلەن،
مۆزدەك ئېرىپ چىقتى كۆزدىن ياش.

قان دېغىدىن پارلانغان ئەرۋاھ،
كۈلۈمسىرەپ مەسخىرە قىلاتتى.
جەسەتلەرنى تىزىپ بىر - بىرلەپ،
قان بارماقنى تەسۋى قىلاتتى.

قېنى سېنىڭ قەھرىمانلىقىڭ،
ئۈچۈپ كەتتى دۈشمىنىڭ بىلەن.
رەھنىمالىق قالغاندا ئەمدى،
خۇش بول دوستلۇق گۈلشىنىڭ بىلەن.

دۈشمەن دېگەن ئۇقۇم ئۆچمىسە،
دۈشمەنلىكىڭ قالۇر دۇنيادا.
گۈلشەن بولسۇن دېسەڭ ئىنسانلىق،
تەن دېگەن قىغ، روھىڭ نۇرلاردا.

2010 - يىلى

# ھاياتلىق دېڭىزىگە نەزەر

بۇ دېڭىزدە كۆرۈنەر ساڭا،
شەھەر لەھەڭ، سەھرا بېلىقتەك.
بۇ كۆرۈنۈش خاتالىق ئىرۇر،
شەھەر دولقۇن، سەھرا تىنچتەك.

بىر - بىرىنى يەپ كېتەلمەيدۇ،
بۇ دېڭىزدە بېلىق، لەھەڭلەر.
بېلىقلارنىڭ نىجاسەتلىرى،
ئىقتىسادىي دولقۇن ئەلەملەر.

تىنىق سۇدىن كۆرۈنەر لاتقا،
دولقۇنلاردا كۆرۈنەر تامچا.
كۆرەلىسە كۆزۈڭ بۇ سىرنى،
يوقىلىدۇ زەھەرلىك قامچا.

تۇزۇم دېگەن سۆزۈم دېمەكتۇر،
بېلىق كەبى سۈزۈشنى بىلگىن.
بۇ دېڭىزنىڭ سۇيى ئەبەدى،
شورلۇق، تۇزلۇق ئىكەنىنى بىلگىن.

2010 - يىلى

# پىيەنچۈكنىڭ ھەسرىتى

غەمسىز خۇشلۇق مەيدىن بىردەملىك،
چىمىرلايدۇ غەم يۇلتۇزلىرى.
تۈن قاراڭغۇ پەردە ياپقاندەك،
ئۆچكەن بولۇر رەڭ ئۈچقۇنلىرى.

ئەپسۇس بۇلۇت ئۈستىدە ئاي بار،
يۇلتۇز ئۆچمەس، يوقالماس ئاسمان.
مەي يوقاتقان غەم زادى نىمە؟
ئەمەسمۇ كۆپ تۇمانلار باسقان.

ئۆلۈم زەھرى بولمىسىتى گەر،
ئايلىناتتىم پىيەنچۈككە مەن.
يوقالسىتى مەيدىن غەم دۇنيا،
ئايلىناتتىم تىلەمچۈككە مەن.

2011 ـ يىلى

# چۆچەك

گۆگۈم كېلەر باشلاپ كېچىنى،
كۆكتە كۈلەر يۇلتۇزلار بىرە.
ئانا سەھرا تۇغقان پۇراقلار،
پاك كۈيلەرگە سالىدۇ گىرە.

چۆچەكنى باشلايدۇ موماي،
نەۋرىلىرى خۇشال ھەر كېچە.
مۇشۇ جايدا مۇشۇنداق چۆچەك،
ئۇزۇلمەيدۇ دائىم تاڭغىچە.

1996 ـ يىلى

# تاشلىنىپ قېلىش

ھېچكىم مېنى قويماس پەپىلەپ،
ئاۋازىمنى تونۇماس دۇنيا.
ئاۋۇنلارنىڭ تىلىدا دائىم،
ئوقۇلىمەن بولۇپ مۇئەمما.

چاقىرىمەن: ئانا سەن نەدە؟
شاشلىنىۋالسام باغرىڭغا چۆكۈپ.
قانغان بولسام مېھرىڭگە بىر رەت،
يۈرمەس ئىدىم بۇنچىلىك ئۆكسۈپ.

1996 - يىلى



# سۆيگەن نىگارغا

سەن ئوقۇساڭ ياڭرىتىپ ناخشا،
مەن تۇرايمۇ ئىغىر خۇرسىنىپ.
تالىق ئەمەس ئۆزۈمگە كۈلكەم ،
ئەي سۆيگەن يار ساڭا تەلمۈرۈپ.

قونۇپ شامال قاناتلىرىغا،
جامالىمنى قىلىپ كەل جەۋلان.
قوشۇلۇپ كەت تىنىقلىرىمغا،
زەر نۇرلاردەك پارلاپ غايىبان.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ يەنە،
ئورمانلارغا كەتمىگىن ئۇچۇپ.
يۈرىكىمدە ئايلان مەبۇدقا،
قاغجىرىغان كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ.

1996 ـ يىلى

# قەشقەر كوچىسى

ھىدى كېلەر ئۇزاق ئۈتمۈشنىڭ،
گۇپۇلدىگەن تىنىقلىرىڭدىن.
چايقىلىمەن بىر روھتا دائىم ،
ئارمانلىرىم كۇلۇپ سېنىڭدىن.

قۇچاقلىنىپ باغرىڭدا ئەركىم،
ئاھ، مەڭگۇلۇك ئەركىنى تاپار.
قۇت تامچىغان ئىزنالىرىڭدىن ،
مۇھەببەتلىك تاڭلىرىم ئاتار.

قانمىغاندەك ئانام مېھرىگە،
قۇچىقىڭغا قانمايمەن تاقلاپ.
تارلاشساڭمۇ ئالدىمدا قات ـ قات،
ئۇمىدىڭنى ئۈتىمەن ئاقلاپ.

1996 ـ يىلى

# ياشلىقىمنى تالاشما يىللار

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
گۈل يۈزۈمگە سالمىغىن قورۇق.
قەلبىمدىكى ئارمان، ئاتەشتىن،
كەڭ جاھانغا چاچاي نۇر - يورۇق.

ياشلىقىمنى تالاشما يىللار،
ياشاپ قالاي ياش پېتى بىر رەت.
ئىجادىمدىن گۈللەرنى سۇنۇپ،
ئانا يۇرتنى تاپقۇزاي نۇسرەت.

1990 - يىلى

# پاكلىق

بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن بىلەن،
پاك ياشىماق قىيىندۇر قىيىن.
رەزىللىككە ھېرىس بولسا كىم،
قىممىتىدۇر ئۇنىڭ بىر تىيىن.

پاكلىق دۆلەت، پاكلىق سائادەت،
پاكلىق بىلەن ياشنايمىز ھەردەم.
پاكلىقنى يوقاتسا ئەگەر،
ئوخشاپ قالار چىۋىنگە ئادەم.

1990 ـ يىلى



# كۆزلىرىڭدىن نۇرلىنار دۇنيا

دولقۇنلايدۇ زۇمرەت دېڭىزدەك،
ئاھ، قەلبىڭدە، ئانجان مېھرىڭ.
كائىناتنى قىلار مەھلىيا،
گۈزەللىككە تولغان گۈل چېھرىڭ.

ئەللىيىڭگە ئىنتىزار كېچە،
كۈيلىرىڭگە كۈي قاتار دەريا.
تىنىقىڭدىن تۇغۇلار قوشاق،
كۆزلىرىڭدىن نۇرلىنار دۇنيا.

1990 - يىلى

# كارۋان

ئۇچار كۆكتە تورانلار ھالسىز،
غىچىرلايدۇ ھارۋىلار تىنماي.
ئۇزۇك ـ ئۇزۇك ناخشا ئاۋازى،
ئوت ياندۇرار دىللاردا ئاي ـ ھاي.

دوقمۇشلارنىڭ شاپائىتىدىن،
بەخت قۇچار يوللاردا ئارمان.
سەپەرلەرگە سىڭىپ كەچمىشلەر،
ئۇزاپ بارار يىراققا كارۋان.

1990 ـ يىلى

# يامغۇرلۇق كېچە

پاتقاق ياسار ئىزلاردىن يوللار.
شىرقىرايدۇ تىنىمسىز ئۆرەك.
قاچانلاردا ۋۇلىغان شامال؟
دەرەخلەردە ھۆكۈمران تىترەك.

غىل - پال يانغان چاقماق ئوتلىرى،
كۆي ياندۇرار ئەتراپقا خىرە.
يىراقلارغا تىكىپ كۆزىنى،
سۈكۈت قىلار ئاھ، بىر دېرىزە.

1990 - يىلى



# يات بىر جايدا يەنە شۇ موماي

ئاشىق سۇپەت، قوي كۆز يۇلتۇزلار،
ياساپ قويدى زېمىنگە گۇگۇم.
شاماللارغا مىنگىشىپ بۇ دەم،
ئۇچۇپ كەتتى يىراققا ئۇيقۇم.

خىياللارغا بولۇپ سەپەرداش،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلىدىم هارماي.
يات بىر جايدا كۆرگىنىم يەنە،
سۆيگۈ ئىزدەپ يۈرگەن شۇ موماي.

1992 ـ يىلى



# كۆنلەش

ئاۋازىڭنى چىقارما زىنھار،
شوخ شامالالار قالمىسۇن ئاڭلاپ.
يىراقلارغا ئەپكېتىپ ئىمتاس،
جاڭگاللارغا يۇرمىسۇن داڭلاپ.

مەھەللەمدىن ئۆتمە قىيغىتىپ،
يامان كۆزى تەگمىسۇن خەقنىڭ.
يۇتۇۋالسۇن جىسمىڭنى نەپسىم،
ئىچىمدىلا ياشاپ ئۆل مېنىڭ.

1992 ـ يىلى

# شامال بولۇپ ئىزدەيمەن سېنى

تۆكۈلگەندە شاخلاردىن ياپراق،
زېمىن تامان لەيلەپ خىرامان.
ئارمانلارنى قۇچاقلاپ ئوتلۇق،
ناخشا بولۇپ ئوقۇلار جاھان.

سېنى ئىزدەپ تاپقان ئويلىرىم،
قاپتۇ مۈگدەپ كىرپىكلىرىڭدە.
ئۇسسۇل ئوينار يالىڭاچ ئورمان،
ھالسىز يانغان تىترەكلىرىڭدە.

كونا ئورمان سۆزلەپ رىۋايەت،
پاش قىلغاندا كەچمىشلىرىمنى.
سېغىنىشتىن كۈي قۇچۇپ قەلبىم،
شامال بولۇپ ئىزدەيمەن سېنى.

1996 ـ يىلى

## دادامغا

ئالدۇرمايدۇ سېنى ھېچ ئارام،
ئالتە بالا، بىر ئۆينىڭ غېمى.
جاپا بىلەن ئۆتەر كۈنلىرىڭ،
خورىماقتا يۈرىكىڭ قېنى.

ئۆتكۈزۈسەن تۈنلەرنى بىدار،
ئارامسىزلىق ئىچىدە ھامان.
تالاشمايسەن دۇنيا ۋە شۆھرەت،
سەن دۇنيادا مىننەتسىز ئىنسان.

پەزىلىتىڭ نۇرلۇق بىر قۇياش،
بېغىشلايدۇ دىللارغا شادلىق.
پاك روھىڭدىن بىخ سۈرۈپ ـ ئايىنىپ،
بىز بولىمىز ئۇچقۇر قاناتلىق.

2001 ـ يىلى

# ئۇزىتىش تىلى

سەن كەت، ئەمما، كەتمىسۇن كۆلكەڭ،
تەرسالىقىم سۆيسۇن ئىزىڭنى.
يېرىلمىسۇن يۈرىكىم چاڭقاپ،
پۈرىۋالسۇن تىنىقلىرىڭنى.

يۇلتۇزلاردىن ئىزدەپ كۆزۈڭنى،
كۆككە قاراپ ئولتۇراي پىنھان.
ئويۇۋالاي زىبا تۇرقۇڭنى،
ئاھ، سەزمىسۇن ھېچقانداق ئىنسان.

دالالاردا ياندۇرۇپ گۈلخان،
رۇخسارىڭنى تاۋلاي تىنىمسىز.
قۇت تارالسۇن ئازابلىرىمدىن،
بولسۇن ماڭا ئۆلۈم بەرىبىر.

1997 ـ يىلى

# ماكانسىز قۇش

سامالارنى كېزىسەن ھالسىز،
ئەتراپلاردىن ئىزدەيسەن ئۇۋا.
بىر چاغلاردا يايلىغان ماكان،
كۆزلىرىڭدە چايقىلار غۇۋا.

قونالمايسەن تونۇش تاغلارغا،
يۈرەلمەيسەن خاماندا دانلاپ.
تۈنەشكە جاي ئىزدەيسەن دائىم،
ئاھ، ئامالسىز شورىلار ئاتلاپ.

تۈك تاشلىغان قاناتلىرىڭدا،
تەۋرىنىدۇ ئۆتمۈشىنىڭ قېنى.
كونا ئورمان جىمجىتلىقىدا،
ئۇۋۇچى بوۋاي ئىزدەيدۇ سېنى.

1995 - يىلى

# تۇي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق

قۇياش ھەمراھ بولغاندەك ئايغا،
بۇ دۇنياغا كەپتىمىز قوشماق.
پۇتكىنىدەك پېشانىمىزگە،
تۇي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق.

سۆيگۈنىدەك زۆھرەنى تاھىر،
سۆيسەم دەيمەن سىزنىمۇ تېزراق.
قۇياش ھەمراھ بولغاندەك ئايغا،
تۇي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق.

گۈلگە ئاشنا بولغاندەك بۇلبۇل،
ئىشقىڭىزدا سايرىدىم خۇشۋاق.
بارلىقىمنى ئاتاپ بىر سىزگە،
تۇي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق.

ياخشى كۈنىنىڭ كېلىپ يامىنى،
ئايرىلمىساق ئىدىغۇ بىۋاق.
ئىشەنمەستىن مامات دېگەنگە،
تۇي قىلىمەن سىز بىلەن قىزچاق.

1995 ـ يىلى

# سەھەردىكى كەپىلەر

ئېھ كەپىلەر، رەڭدار كەپىلەر،
تورۇسىلەر قىشلاقتا پارلاپ.
چوغ رەڭگىدە باغرىڭلار تامان،
كېلەر تاڭلار مۇھەببەت باشلاپ.

تۈگمەيدۇ كەچمىش، ساۋاتلار،
موماي ئېيتقان چۆچەكلەر ئىچرە.
تورقۇڭلاردىن تارالغان ھىدلار،
ئاھاڭلارغا سالىدۇ گىرە.

تەبىئەتكە بېغىشلاپ جىلۋە،
كۈلىسىلەر شۇنچە مۇلايىم.
ئۆزۈلمەيدۇ سىلەردە شوڭا،
گۈزەللىكنىڭ ئاۋازى دائىم.

1999 - يىلى

# ئۇلۇغلانسۇن ئانىلار نامى

ئانا ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغ،
ئاھ، مۇقەددەس ناخشا تىللاردا.
پاكلىقىنىڭ بولۇپ شاھىدى،
مېھرى چاقناپ تۇرار يىللاردا.

ئاتاقلارغا ئەمەس ئۇ ئامراق،
ئەللەي ئېيتىپ بېرەر كېچىگە.
تىلغىسىمۇ قەلبىنى ئازاب،
ئاچچىق يۇتۇپ ئۆتەر ئىچىگە.

كۆزلىرىدىن تۇرار نۇر تېمىپ،
يۈرىكىدۇر سۆيگۈلەر جامى.
ھاقارەتكە قويمايلى بوغۇپ،
ئۇلۇغلانسۇن ئانىلار نامى.

1999 ـ يىلى

# ئۈمىد

تىپىرلايمەن ئويلار باغرىدا،
تۆيۈلسىمۇ تەپتىڭ يېقىملىق.
ئويلىمىغان ئىكەنمەن زىنھار،
بولۇشۇڭنى بىرلا قېتىملىق.

ئىزلىرىڭنىڭ ئاشىقى قەلبىم،
ئاھ، سېغىنچىڭ تۇرسىمۇ داغلاپ.
قاچانغىچە تۇرارمەن دىلبەر،
يوللىرىڭغا مەن ئۈمىد باغلاپ.

2001 - يىلى



# كۈتۈش

ئاھ ئۆتمەكتە ئۇزۇن كېچىلەر،
بوسۇغاڭدا جىلۋەڭنى كۈتۈپ.
ئەنسىرەيمەن بولۇپ قىيامەت،
كېتىشىنى ھاياتىم پۈتۈپ.

شۇڭغۇپ كىرىپ باغرىڭغا يارقىن،
يېقىنۇالسام ئىدىم باغرىمنى.
تىزلىرىڭغا باش قويۇپ ئويچان،
تۆكۈۋالسام ئازابلىرىمنى.

2001 ـ يىلى

# كۆلۈش

خىيال بولۇپ كەتمەكتە ئارمان،
قۇياش بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئاي.
كەلمىشىدىن ۋايىسىدى قۇشقاچ،
ئۆز تىلىدا ئېغىز ئاچالماي.

قوناقلىقتا تۇرغان قارانچۇق،
قوغدىيالماس ھەتتا ئۆزىنى.
ھاياجاندا تىڭشار قاغىلار،
يەرنىڭ زورلاپ كۈلۈشلىرىنى.

2001 - يىلى

# خالىمىسا كۆكۈل دېگەنىنىڭ

خالىمىسا كۆكۈل دېگەنىنىڭ،
كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىنىڭ بىكار.
ئۆز كەپەڭدەك تۇيۇلماس ھەتتا،
ئاي شارىغا قىلساڭمۇ شىكار.

ساداقەتتىن كېلەر سۆزلۈكۈڭ،
قويماي زەررە ئىچىڭدىكىنى.
تارتالمايدۇ مەيلىڭنى بۇندا،
يات بىر قىزنىڭ كۆيدۈم دېگىنى.

داستان بولۇپ ياشايسەن مەڭگۈ،
بولالىساڭ ئوغلى ۋەتەنىنىڭ.
قىلالمايسەن ئەخلەتمۇ ئىجاد،
خالىمىسا كۆكۈل دېگەنىنىڭ.

2001 ـ يىلى

# كەپىدىكى ئانا

توپا ـ چاڭغا چىلانغان سەھرا،
چىغىر يوللار توقۇلار چەكسىز.
چۈۋۈق كەپە ئىچىدە غەمكىن،
زىكرى قىلار بىر ئانا تەگسىز.

چۇرۇقلايدۇ ئۈۋىسىز قۇشلار،
ئانا ئۈچۈن كەپە بىر ۋەتەن.
تۇغۇلغانغا تۆكمەس ئانا ياش،
ئاللىسا ئەركىن بىر قەدەم.

2001 ـ يىلى

# سەن بىر ئىلاھ، مەن بىر قوڭغۇراق

سەن بىر ئىلاھ، مەن بىر قوڭغۇراق،
شۇ تەقلىتتە پۈتكەن ئەزايىم.
تەلۋىلەرچە سالىمەن چۇقان،
كەڭ جاھاننى تاسقار ئاۋازىم.

سەن بىر ئىلاھ،مەن بىر قوڭغۇراق،
سادالاردىن ياراتتىڭ مېنى .
مەڭگۈ ئۆلمەس كۈي بىلەن خەلقىم،
ئۇلۇغلايمەن جاراڭلاپ سېنى.

2001 ـ يىلى

# كۆيلىرىڭگە قېتىۋال مېنى

خەۋەر بېرىپ سەھەردىن، تاڭدىن،
جاڭگال ئارا چىللايسەن تورغاي.
ئىشقىڭ بىلەن قىشلاقتا دائىم،
كۆي، مېھرىڭنى تۆكسەن قويماي.

ئاۋازىڭنىڭ قاتلاملىرىدا،
روھى قاينار ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ.
قومۇشلۇقلار سۆزلەيدۇ قىسسە،
شاھىدى بوپ كەچمىشلىرىڭنىڭ.

قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ ساڭا،
ئۇۋا قىلىپ بېرەي باغرىمنى.
جاڭگالدىكى ئەي، كۆيچى تورغاي،
كۆيلىرىڭگە قېتىۋال مېنى.

2001 ـ يىلى

## ئايالىمغا

ياز تەپتى بار تىنىقلىرىڭدا،
ئاھ، چېھرىڭدە يېشىللىق ھىدى.
ئاۋازىڭدا تەبىئەت كۈلەر،
ئورمان چاچار پىچىرلىشىڭنى.
سەن ئىشلەيسەن تاپماستىن تىنىم،
ياسىماققا بىر ئېسىل «ئۇۋا».
ئۆتكۈزۈسەن تۈنلەرنى بىدار،
بولماق ئۈچۈن مۇقەددەس ئانا.
جەبىرلەرنىڭ قولى سەن ئەركەم ـــ
باقىدىغان ھاياتقا كۈلۈپ.
پارلا مەڭگۈ ۋاپا نۇرىدا،
پاكلىقىڭدىن چىقسۇن گۈل ئۈنۈپ!

2001 ـ يىلى

# ئىزدەڭلار

رەڭ تۈزمەكتە تەبىئەت بەك ئۈز،
ئەي، ئادەملەر ناۋا ئىزدەڭلار.
تەبەسسۇمغا تولسۇن بۇ دۇنيا،
پاك مۇھەببەت، زىبا ئىزدەڭلار.

يورۇق بولسۇن بۆلۈك - پۇچقاقلار،
يورۇتماققا لاۋا ئىزدەڭلار.
پۈچىلانسۇن غەيۋەت - شىكايەت،
ئەدەپ - ئەخلاق، ھايا ئىزدەڭلار.

تاقەتلەرگە بولماڭلار ئىجىل،
روھىڭلارغا داۋا ئىزدەڭلار.
پەرۋازلارغا تولسۇن بۇ ئالەم،
ئۆرلەشكە كەڭ ساما ئىزدەڭلار.

2001 - يىلى

# مەھەللەم

ئاۋازىمدىن چاچرايدۇ يالقۇن،
يىراقلاردىن چاقىرسام سېنى.
بويلىرىڭنى كەلدىم سېغىنىپ،
قۇچاقلىۋال مەھەللەم مېنى.

ئېغىناقلاي قۇملۇقلىرىڭدا،
بالىلىقىم پارلىسۇن قايتا.
قوينۇڭ ئارا ئۆتكۈزگەن كۈنلەر،
كۆتۈرۈلسۇن ئېسىمدىن ئاستا.

كەپىلەرگە ئەيلەي بىر بايان،
ئىچىمدىكى ئارمانلىرىمنى.
ئارام تاپسۇن كۆڭلۈم بىر مەھەل،
قۇچاقلىۋال مەھەللەم مېنى.

2001 - يىلى

# ئايال

تەبەسسۇمىڭ بۈيۈك تەبىئەت،
ئاتا قىلغان ھاياتقا جىلۋە.
كىرپىكىڭدە پىلدىرلاپ قۇياش،
كۆزلىرىڭدىن ئىزدەپ نىسۋە.

بېقىشلىرىڭ بىر ئەزىم دەريا،
چاڭقاق دىللار قانمىغان ئىچىپ.
يېتەلمىگەن ۋەسلىڭگە ھەتتا،
قانچە ئاشىق جېنىدىن كېچىپ.

پىچىرلىشىڭ بىر گۈزەل ناخشا،
قاناماس يۈرەك قانچە تىڭشىسا.
تىنىقلىرىڭ يوقالسا ئەگەر،
پۈتۈن ئالەم ئاچىدۇ ھازا.

2003 ـ يىلى

# بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان

بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان،
كۆڭۈللەرنى قاپلىدى تۇمان.
ئېشىمىزغا قوشۇق سالغان كىم؟
خىيالىمدىن كەتمىدى گۇمان.

بىز ياتلىشىپ قالغاندىن بۇيان،
ھىجران بىلەن ئۆتمەكتە كۈنلەر.
ئۇيقۇمىزغا سالماقتا چۇقان،
رەزىللىككە ھېرىسمەن ئۈنلەر.

1990 ـ يىلى

# سۆيمىسەڭمۇ سۆيمەن سىنى

سۆيمىسەڭمۇ سۆيمەن سىنى،
زىبا بويلۇق گۈل يار پەرىشتە.
يوقالساڭمۇ تاپىمەن سىنى،
بولساڭمۇ گەر مەيلى ئەرشتە.

**سۆيمىسەڭمۇ سۆيمەن سىنى،**
**ھايات تەختىم بولغۇچە گۇمران.**
**ئوخچۇپ تۇرار گۆرۈمدىمۇ، ئاھ،**
**ساڭا بولغان گۈلخانلار ھامان.**

1990 - يىلى



# ئەگەر سۆيۈش گۇناھ سانالسا

لەۋلىرىڭگە باساي دېسەم لەۋ،
دېدىڭ: جېنىم بولىدۇ گۇناھ.
قوللىرىڭنى تۇتمىدىم دېسەم،
كېچىلەرنى قىلدىڭسەن گۇۋاھ.

كەچۈرۈمگە ئېرىشەركەن خەق،
قىلىپ سالسا بىر ئىشنى خاتا.
ئۆلۈشكىمۇ رازى يۈرىكىم،
ئەگەر سۆيۈش گۇناھ سانالسا.

1990 ـ يىلى

# بىر كۆزگە

قارا بولسا ئۇنى ئاق كۆردۇڭ،
چولاق بولسا ئۇنى ساق كۆردۇڭ.
ئېيتقىنا كۆز ئاشۇ تۇرقۇڭدا،
كىمنى ئالداپ، كىمنى كۈلدۈردۇڭ؟!

1990- يىلى

# گاچا

دەردلىرىنى كېلەر تۆككۈسى،
توۋلىغۇسى جاراڭلىق ناخشا.
كۆزلىرىدە يانار كۈي، ئارمان،
يۈرىكىدە پۈتمەس سۆيگۈ، ئاھ!

1990 ـ يىلى



# ياخشىلارنىڭ قۇدرىتى

ياخشىلارنىڭ قۇدرىتى ئۇلۇغ،
ياخشىلارغا موھتاجدۇر ئالەم.
ياخشىلار كۆپ، شۇڭا يامانلار ـ
قىلالمايدۇ ئالەمنى مالەم.

1990 ـ يىلى



# روھىمىزنى بوغمىسۇن ئىللەت

ئالەم گۈزەل، ھاياتلىق رەڭدار،
بەخت قۇچۇپ كۈلمەكتە كۆپلەر.
سۆيگۈلەرنى سۆيۈندۈرگىنى،
ئىجاد ـ مېھنەت، تۆكۈلگەن قان ـ تەر.

گۈل چەكتۇقمۇ ھاياتىمىزغا،
يا ھاڭۋېقىپ تۇردۇقمۇ ئاخىر؟
ئېسىلمىساق ۋاقىت قىزىغا،
يېڭى ئەسىر قىلمايدۇ تەخىر.

ئۆزىمىزدىن بۇتىنىساق، قاچساق،
بېشىمىزنى سىلىماس ھېچكىم.
غەيۋەتلەرگە قالساق پۈركىنىپ،
قەدىرسىز خەق بولىمىز بەلكىم.

تومۇرلاردا ئاققىنى ھەيۋەت ـ
ئەجدادلارنىڭ قېنى، غۇرۇرى.
ئۆگەي ئەمەس بىزگە ھېچقاچان،
بۇ دۇنيانىڭ راھەت، ھۇزۇرى.

بىز ئادەم بىز روھىمىز تىرىك،
بېرەيلىچۇ ئالەمگە زىننەت.
ئوت ئاچايلى بىخۇدلۇققا كەڭ،
روھىمىزنى بوغمىسۇن ئىللەت!

1997 ـ يىلى

# ھەسەتلەرنىڭ بولمايلى قۇلى

كۆڭۈللەرگە بەرمەس ئاراملىق،
باشقىلارنى غاجاش بىھۇدە.
ھەتتا دۆڭگە قالمايمىز چىقىپ،
قەلبلەرنى قىلساقمۇ زىدە.

كۇلەلمەيمىز چىققۇچە پۇخادىن،
گەر بىراۋنى قويغانغا ماختاپ.
بىزنى ھېچكىم دېمەيدۇ ساپ دىل،
ئۆزىمىزنى يۇرسەكمۇ داڭلاپ.

روھىمىزدا چاچسۇن خۇش پۇراق،
ئىتتىپاقلىق، دىلكەشلىك گۇلى.
مېھرىمىزدىن پارلىسۇن تاڭلار،
ھەسەتلەرنىڭ بولمايلى قۇلى.

1997 ـ يىلى

# كۆز كېچىسى

دەرەخلەرنى باسقاندا تىترەك،
ئانا يەرگە تۆكۈلدى غازاڭ.
ئاچ باغرىمنى ئەزدى توختىماي،
يىراقتىكى شۇ مىسكىن ئاھاڭ.

ئىزلىرىڭنى ئىزدەپ بۇ كېچە،
مەھەللەڭگە بارغاندا تېنەپ.
دېرىزەڭگە قونۇپ ئاي نۇرى،
ئولتۇرۇپتۇ ساڭا كۈي تىلەپ.

ياپراقلارغا قونۇپ ئالتۇن رەڭ،
جىلۋىسىنى ئەيلەر نامايان.
قىزغىنامسەن قوڭغۇرۇقىڭدىن،
قالسام بېسىپ ئۇنى ناگىھان.

1997 ـ يىلى

# يېڭى بېكەت

كۆيۈپ پۈتتى رىۋايەتلىرىم،
قاقلاپ يۈرۈپ ئاپتاپ ئۆتىغا.
ئاسالمىدىم ئاتاپ قوڭغۇراق،
ئۆچۈپ يۈرگەن يىللار پۈتىغا.
سىردىشىمەن ئارامىلار بىلەن،
قايناپ تۇرغان بوراننى بەزلەپ.
ياراتمىشى مۇشۇدۇر تەنها،
شۇ تەڭرىنىڭ بەرمىكى تەڭلەپ.
ئىچىنىشلىق مېنىڭ ھالىمغا،
قاچانغىچە كۈلەرسەن ھايات؟
چىشلەپ قويۇپ بارماقلىرىمنى،
قاچانغىچە سۆيەرسەن بەخت؟
يوقالدىغۇ قەدىرلىك بويناق.
ئويناپ ئاجىز قۇيرۇقلىرىنى.
توختايدىغان بولدۇڭ تەمتىرەپ،
ئىچمەي ئۈمىد، سۈكۈتلىرىنى.
ساڭا ئىسمى تونۇش بۇ جايدا،
ماتىلىغان كىملەر قەلبىمنى.
تاپماق بولۇپ يېڭى بىر ماكان،
ئۈز، راھەتلىك، گۈزەل سايىنى.
نەدە قالدى ئۈمىد گۈلىمىز،
بولۇپ قالدىم سىلەرگە بېكەت.
شەيتانغىمۇ ئالدانمىغانتىم،
سۆيۈپ قالدىم سىلەرنى پەقەت.

1996 ـ يىلى

# چۈشلىرىمگە ھەسەت

ئويغىنىپلا ھەسەت قىلىمەن،
چۈشۈمدىكى «مەن» بولغان جىنغا.
ئۇ بەجاكى شۇنچە بەختىيار،
ئويغانسامىلا كۆڭلۈمنى قىينار.

ئۇچقۇر، چاققان قۇشتەك چاپىدۇ،
يارلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.
مەن كۆرمىگەن چۆچەكلەردىكى
ماكانلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

كىنودىكى قەھرىمانلارمۇ،
ئۇنىڭچىلىك جەلپكار ئەمەس.
ئوخشىسا گەر ئۇنىڭغا ھايات،
ئەپسۇس ئوڭۇم ئەيىبكار پەۋەس.

ئويغىنىپلا ئويلاپ كېتىمەن،
قارچۇقۇمدا شۇ زەررە جىنىنى.
مۇمكىنىمىدۇ «مېنى» جان قىلماق،
بىلىۋالسام بەدەندىن گېنىنى.

بىر ئۇرۇقتىن دەرەخ بولغاندەك،
ئاشۇ جىننى تەندە جان قىلسام.
جىن بىلەن جان ئارا بىر سىزىق،
تاغدىن چىققان ئالتۇن كان قىلسام.

2012 ـ يىلى

# يوقىتىش سىرى

ــ «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن»ناملىق كىتابنى ئوقۇپ

كونا دۇنيا يوقالسۇن دېسەڭ،
تۇنۇگۇنكى ھالىڭنى ئۇنۇت.
لايدەك بەدەن ئىچىدە قۇرۇت،
ئاپتاپقا تۇت، جانىڭنى قۇرۇت.

كوزا ياسار كولالچى لايدىن،
تا چىرايلىق بولغۇچە سىيلاپ.
پىشۇرىدۇ ئاپتاپ، خۇمداندا،
مۇھەببەتنىڭ ئوتىغا چىلاپ.

ھەر سەھەردە ئويغىنار ئادەم،
ئەڭ ھىممىتى دىلىغا قونۇپ.
ھەر سەھەردە ئويلىنار ئادەم،
يارىلىشچۇن ھاتەمدەك بولۇپ.

ئىككى «ئادەم» دېگەن بۇ سۆزدىن،
ئىككى «دەم»نى ئويلانغىن ئىنسان.
«ھاتەم»دىكى «تەم» ئىككى چېكىت،
بولۇر «دەمدە» تەڭلىمە مىزان.

ھەر كېچىدىن سەھەر كۈندۈزگە،
«تەڭپۇڭ» بولۇپ ئويغىنالىساڭ.

شۇ كېچىدە مىڭ يىل بۇرۇنغا،
كۆمۈلگەندەك قوزغىلالمىساڭ.

ئۆلۈك قۇشتىن قۇرۇت كۆرسەن،
كۆمۈلگەندەك يېتىۋېرسەن.
تىرىكلىكنىڭ بەرىكىتى قېچىپ،
بۆشۈكتىلا يېتىۋېرسەن.

قىلالمىساڭ قولۇڭنى قانات،
كونا چۈشتۇر مىڭ يىللىق ھايات.
ئارزۇ دېگەن قاچىلانغان توك،
ماشىنىدەك قوزغىلار مامات.

2012 ـ يىلى

# رەيھان ۋە يانتاق

بىر قىيادا تۇپراق، سۇ ئوخشاش،
ئاپتاپ، ھاۋا رەھمىتى ئوخشاش.
ئىزگۇ بىلەن ئويلاپ كېتىمەن،
نېچۇن گىياھ ئەمەستۇر ئوخشاش؟

ئۇرۇق — مايسا، دەرەخ ئۇرۇقتىن،
ئايلىنىدۇ پەسىللەر، يىللار.
ئەۋزەل بوشلۇق، يۇلتۇز، زەررىلەر،
باغلىنىپ بىر - بىرىگە ئۇلىنار.

بىلدىم ئۇرۇق مايسا بولغۇچە،
تارتار ئىكەن خىلداش زەررىنى.
ھاۋادىكى سەرسان زەررىلەر،
بىلىدىكەن تارتار ئەسلىنى.

ئىنسان بولاي دېسەڭ ئەۋلى،
سەرسانلىقتىن تاللىنىپ چىققىن.
چىن ماھىيەت توزانلىق دۇنيا،
ئىنسانلىقنى تاۋلايدۇ چىقىن.

ھەزەر ئەيلە ھىيلە - مىكىردىن،
قېتىلمىغىن ھەرىگە تەھرۇل.
نەھرۇل كەبى ئاشۇ رەيھانلار،
كۆتەر شۇندا مۇھەببەت مەقبۇل.

2012 - يىلى

# ئوۋچىلىق چېكى

يار ئۈچۈن جان كېرەك،
جان، مالنى قانداق ئوۋلايسەن؟
ئىنسانلارنى ئوۋلاي دېسەڭ،
ئوغرى دەيدۇ، قوغدىنالمايسەن.

ئوغرىغا ئوغرى مال بەرمەس،
پەقەت هايۋاننىلا ئوۋلايسەن.
جاڭگالدا تالىشىپ بۆرىلەردەك،
يامانلىشىپ ئۆخلىماي هۇۋلايسەن.

هېچ ئوۋچى بارالمىغان، بارماس،
كۈيىقاپ ئېچىلىدۇ، قورقمايسەن.
سەن هەممىدىن ئالىي ۋە غالىب،
قۇرۇلماقنى، قۇرماقنى ئويلايسەن.

تەبىئەت بىلىملىرى جان ئولجىدۇر،
ئەقىدىسى بار هالال ئوۋچى بولسا.
يەر شارىنى ئولجا قىلىپ تاشلاپ كېتىسەن،
سەمىمىيەت باغچىسىدا نوچى بولسا.

2012 ـ يىلى

# قاغا چوقۇۋېلىش

تىللىدى بىرى پىچىرلاپ مېنى،
دەپ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان.
تاغلارغا قاراپ زوقلاندىم،
ئىكەن توپىغا قوشۇۋالغان.

تەدرىجىي بىلىپ قالدىم ئەسلىدە،
بەخت قۇشى نوچى نەسلى ئىكەن.
ئىسمى بار، جىسمى يوق ئەمەس،
قاغىلار روھىغا مۆكۈنگەن ئىكەن.

ھالاللىقنى تالىشىش ئۈچۈن،
ئۇزۇن ۋە نۇرغۇن ئۆمۈر ئۈچۈن،
قاغا چوقۇپ تۇرسا دەيمەن،
بەخت قۇشى تىلەش ئۈچۈن.

2012 ـ يىلى

# قاراقچى كۆلەڭگىسى

قېنىمغا قاراقچى قىمارۋاز يار،
پەرەنجىلىك ماڭا كۆرۈنمەس.
ئۇ مېنى دۇنياغا تېگىشكەن،
ھېچ ئوۋچىغا ئۆتۈنمەس.

تۇمشۇقىنى ئورىغان رومىلىدا،
چىۋىنچىلىك جۇپ كۆزى بار.
ھۇشۇقۇمغا يېپ ئېلىنغان،
دەرھال ئاگاھ سۆزى بار.

2012 - يىلى

# مۇتلەق ئېھتىياج

كۆز، قولۇلاق، يۈز، ئالدىڭنى،
سىيلاشقا ئارقىغا يارىڭ كېرەك.
يارنىڭ ھەم شۇنداق سېنىڭمۇ،
يار ئارقىسىدىكى ئېھسانىڭ كېرەك.

جۈپ ئېھتىياج، جۈپ ئىلتىپات،
ئىككى سەككىز كەررىلەر دۇنيادا.
يورۇقلۇق تۆكەر ھەسرەتلىرىنى،
نۇرۇڭ شىپاھتۇر ئارمانلارغا.

كېچە بىلەن كۈندۈز بىر سوتكا،
قۇياش، ئاي، يۇلتۇز تۇرار پوستتا.
مۇھەببەتنى ھېسابلاپ بېرەر،
مەشرەپ مەھشەردىكى سوتتا.

2012 ـ يىلى

## ماختىماسلىقىمنىڭ سىرى

يارنى ماختىشىم ھاجەت ئەمەس،
ئاجىزلىقىغا قايىللىقىم ھاجەت.
بولسا ئاچچىقىم تاتلىق ئۈچۈن،
قايىل جاننى قاپلىشىم تاقەت.

غەملىرىڭنى كۆپ يەر سەرگەردان،
بولدۇم ئىنسان سەنچۈن ئۆمرۈمدە.
شۈنچە نۇرغۇن بوش دەملىرىڭدە،
ئەسلىمىدىڭ مېنى قەلبىڭدە.

تەۋرەشلەر بوران ئەمەس ئەسلى
مېنىڭ چوڭقۇر ئىچىنىشلىرىم.
پارلاق سەھەر، شەپەقلىق ئاسمان،
بەختىڭ ئۈچۈن سېغىنىشلىرىم.

2012 - يىلى

# قەشقەر

پىچىرلايمەن تاكى تاڭغىچە،
خىيالىمدا قولاقلىرىڭغا.
چاڭقاقلىقىم توتقاندا شۇنچە،
تاشلىنىمەن قوچاقلىرىڭغا.

ۋۇجۇدۇمدا چەكسىز ھاياجان،
چىرمار مېنى مىڭ يىللار سىرى.
بۈيۈك نامىڭ داستان تىللاردا،
نۇرلاندۇرىسەن ئارمانلىرىمنى.

2012 ـ يىلى

# 12 ـ ماي

شامال سوغۇق، تەبىئەت سوغۇق،
چوكا مۇزدەك قاتقان ئورمانلار.
دەرەخلەردە يوق مۇڭلۇق ئاھاڭ،
جەنۇب تامان ئۇچماقتا قۇشلار.

غازاڭ قوغلاپ يۈرەر بالىلار،
چىغىر يوللار تىترەيدۇ دىر ـ دىر.
ئېھ، مېھىرلىك جىلۋىسى بىلەن،
كىرىپ كەلدى ئوتلۇق دېكابىر.

2011 ـ يىلى

# مەشرەپ

مۇڭلىرىڭدىن ياشنايدۇ ئالەم،
روھى پارلار سەندە ئۇيغۇرنىڭ.
ئاشىقلارنىڭ جەڭگاھىدۇرسەن،
ھەم چوغدانى ئۆچمەس تۇيغۇنىڭ.

ھەر مۇڭۇڭدا بىر كەچمىش، تارىخ،
ئاھ، شۆھرىتىڭ پەلەكنى سۆيگەن.
سەنسىز شېرىن تۇيۇلماس ھايات،
سەنسىز تىرىك مۇردىمەن ئۆلگەن.

2011 ـ يىلى

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：吾热古丽·玉苏甫
**特约编辑：阿布来提·居马土谱热克**
责任校对：努丽曼·卡德尔
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：买合巴·阿扎提

**沉没的海岸**（维吾尔文）（诗集）

艾麦提·尧力达什　著

新疆人民出版总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32开本　5.75印张
2013年8月第1版　2013年8月第1次印刷

ISBN 978-7-5466-1208-9（民文）　定价：20.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : خەمدەنىسە ئالىم



# چۆككەن قىزغاقلار

ISBN 978-7-5466-1208-9

9 787546 612089 >

定价：20.00元